ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى

1



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزلىرىم ماھىنۇر

ھەبىبە

نەسلىخان

كامىلە

ھەدىيە

قىزلىرىم گۈلزىيا قىلىۋاتماردىن

Lok yaut

2016.5.25



ئاپتور ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى

(1)



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز

مەسەللەر خۇددى چۆچەكلەرگە ئوخشاش بالىلارمۇ، چوڭلارمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى. ئۇ چۆچەكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىخچام، جەلپكار بولۇپ، ئۆزىگە مول پەلسەپىۋى پىكىرنى يوشۇرغان بولىدۇ. كۆپلىگەن مەسەللەر بالىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە ئۆسۈپ - يېتىلىش مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇلغان، بالىلىرىمىزنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە بايان قىلىنغان.

بۇ كىتابتىكى مەسەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق، ئىلمىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتتە بالىلارنى قىزىقتۇرۇشنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، بالىلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. ھەربىر مەسەلدە بىر ئىدىيە، بىر پىكىر نۇرلاندۇرۇلغان بولۇپ، مەسەلگە سىڭدۈرۈلگەن ھېكمەتلەر بالىلار قەلبىگە تەبىئىي سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارغا بەدىئىي جەھەتتە تەربىيە بېرەلەيدۇ.

بۇ مەسەللەر ئالدى بىلەن ھېكايىۋىلىككە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، ھەربىر مەسەلنى قىسقا بىر ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ ھايۋانلار ھەققىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەر بالىلارنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

# ئۇيغۇر باللار مەسەللىرى (1)

يۇمۇرلۇق بولۇش بۇ كىتابتىكى مەسەللەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. بۇ خىل خۇسۇسىيەت مەسەللەرنىڭ جەزبىدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. كۆپلىگەن مەسەللەردىكى ھايۋانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھاياتتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. يەنە بەزى مەسەللەردە ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە باشقا شەيئىلەر ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەنگەن بولۇپ، ئىلمىيلىك بىلەن بەدىئىيلىك تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن. بۇ مەسەللەرگە سىڭدۈرۈلگەن ھېكمەت، ھېكايىلەر باللىرىمىزنىڭ ھاياتتىكى كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنى بالدۇرراق چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

مەسەللەر باللىرىمىزنى يېڭى بىر تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىردۇ. ئاتا _ ئانىلار مەسەللەر ئارقىلىق تېخى ساۋاتى چىقمىغان گۆدەك باللىرىغا ھەرتەرەپلىمە تەربىيە بېرەلەيدۇ. بۇ كىتابتىكى شېئىرىي مەسەللەرمۇ رىتىمدارلىققا ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، باللىرىمىزنىڭ دېكلاماتسىيە قىلىشى ۋە يادلىۋېلىشىغا ئەپلىك.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مەسەللەر باللارنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى قىلغاچقا، كۆپلىگەن مەسەللەر باللارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن ئۇنىڭدىكى بەزى بايانلار چوڭلارنىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالالايدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتاب باللىرىمىزنىڭ مەنىۋى گۈلزارىغا سۇنۇلغان ئۆزگىچە بىر گۈل بولالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە


هوما قۇش بىلەن دانىيار ........................ 1

توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق مۇسابىقىسى .. 3

پاقلاننىڭ پاراستى ........................ 5

ئىككى كاسىپ ........................ 7

يالغانچى مېكىياننىڭ ئاقىۋىتى ........................ 9

ئۆردەك بىلەن ئەينەك ........................ 12

ھۆپۈپنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشى ........................ 14

ئاق قۇشقاچنىڭ ناخشىسى ........................ 17

ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن گۈللەر ........................ 19

چۈمۈلىلەر ........................ 21

قورت بىلەن كېپىنەك ........................ 23

ئالا ئاسلان ئارسلان بولماس ........................ 25

توپلاشقان قاغا يولۋاسنى يەيدۇ ........................ 27





تورغاي تەلۋە بولسا، بۆركۈتكە ھەيۋە قىلار ........................ 29

قورقۇنچاق بالا ........................................ 32

ئەركە يولۋاس ........................................ 34

چۈمۈلىلەر بىلەن چار مېكىيان ........................ 36

ئاكا ـ ئۇكا چېكەتكىلەرنىڭ ھۆنەر ئۆگىنىشى ........................ 38

ئاي بالا ........................................ 40

ئات، ئىت، خوراز ........................................ 42

ھايۋانلار ئومۇمىي خورى ........................................ 44

تۈلكە بىلەن كىرپە ........................................ 47

دوپپا بىلەن تۇماق ........................................ 49

ئەينەكنىڭ ئاقىۋىتى ........................................ 50

چۈمۈلىگە تامچا سۇمۇ دەريا كۆرۈنەر ........................ 52

پوچى چاشقان ........................................ 54

قۇرتلار مەجلىسى ........................................ 55

ئالا موزاي تۇلپار بولماس ........................................ 57

شىرزات بىلەن ئىلزات ........................................ 59

تۈلكە بىلەن تۆگە ........................................ 61







ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




ئاق ئۇغلاق بىلەن قوڭغۇراق ........................ 64

يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار ........................ 66

ئېيىق بىلەن بېلىق ........................ 69

كۆكۈيۈن ۋە قۇيرۇق ........................ 71

ھەرىلەر بىلەن قوزىچاق ........................ 73

ئانا قاغىنىڭ نەسىھەتى ........................ 75

مۈشۈك، ئىت، مېكىيان ........................ 77

ئىككى خوراز ........................ 80

تۈلكىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى ........................ 81

ئۇرۇشقاق خورازلار ........................ 84

شاھ بولغان كالا ........................ 86

قارلىغاچ بىلەن دىلزىبا ........................ 89

قېرى بۆرە بىلەن ئىت ........................ 91

پىل بىلەن چاشقان ........................ 93

مامكاپ گۈلى بىلەن ئەنجۈر دەرىخى ........................ 95

ئىت ۋە ئادەم ........................ 97

ئالما دەرىخى بىلەن ئاق تېرەك ........................ 99

# ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى (1)


تۆگە بىلەن مايمۇن ........................................ 100

پاقا بىلەن قۇتلۇق ........................................ 101

چاشقاننىڭ ھىيلىسى ........................................ 103

بۆرە بىلەن ئوغلاق ........................................ 105

ئانىسىنى تاشلىغان تايىنى بۆرە يەيدۇ ........................................ 108

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com





# ھوما قۇش بىلەن دانىيار



دانىيار مومىسىدىن ھوما قۇش دەيدىغان بىر قۇشنىڭ بارلىقىنى، ئۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ ئادەمنىڭ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. دانىيار ئاشۇ قۇشنى تاپماقچى بولۇپ، مەھەللىسىگە يېقىن توغراقلىققا كەپتۇ. ئۇ پايانى يوقتەك تۇيۇلىدىغان بۇ توغراقلىقتا بۇرۇن كۆرگەن ۋە كۆرمىگەن تۈرلۈك چۆل قۇشلىرىنىڭ ۋىچىرلاپ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. دانىيار ئاشۇ قۇشلارنىڭ ئارىسىدا ھوما قۇش بارمىكىن دەپ تەلمۈرگەن بولسىمۇ، قۇشلار ئۇنىڭ بېشىغا قونماقتا يوق ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. توغراقلىقنى كۆپ ئايلىنىپ، ھوما قۇشنى تاپالمىغان دانىيار قايتىپ كېتىۋاتسا، ناھايىتى يوغان توغراقنىڭ ئۈستىدە بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلاپتۇ. دانىيار ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، نۇر ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ناھايىتى چىرايلىق بىر قۇشنى كۆرۈپتۇ.

— ھەي، سەن، ياق، سىز ھوما قۇش ئوخشىمامسىز؟ — دەپتۇ ھايا-

# ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى (1)

جانلىنىپ كەتكەن دانىيار.

— ھەئە، مەن ھوما قۇش، سەن مېنى ئىزدەپ كەلگەن، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ بېشىمغا قونغان بولسىڭىز.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، — دەپتۇ ھوما قۇش سالماقلىق بىلەن، — مەن دېگەن شەرتلەرنى تولۇق ئورۇندىيالىساڭ سېنىڭ بېشىڭغا قونۇشۇم مۇمكىن.

— قانداق شەرتلەر ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دانىيار بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— سەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ۋەتەنگە، خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقساڭ، ئۇنداقتا ھەقىقىي پەزىلەتلىك ئىنسان بولغان بولسەن، شۇندىلا مەن سېنىڭ بېشىڭغا قونىمەن، ساڭا بەخت - ئامەت ئېلىپ كېلىمەن. لېكىن ئۇ شەرتلەرنى ئورۇنداش ئاسان ئەمەس.

دانىيار بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— سىز بېشىمغا قونمىسىڭىزمۇ مەيلى، بىراق مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقىي پەزىلەتلىك ئىنسان بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

ھوما قۇشى قونسا بېشىڭغا،
بىخۇت بولما كەلدى دەپ ئامەت.
ئەگەر سەندە كۆپ بولسا ئىللەت،
ئامىتىڭمۇ بولىدۇ ئاپەت.

# توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق مۇسابىقىسى



بىر كۈنى توشقان تاشپاقىنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىغا چۈشۈدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق، تاشپاقا توشقاننى كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ:

— مەن سەن بىلەن نەچچە قېتىم مۇسابىقىگە چۈشتۇم. سەن بىردەم چىغىنىڭ تۆۋىدە ئۇخلاپ قالىدىكەنسەن، بىردەم بېشىڭ قايغان، پۇتۇڭ تايغان يەرگە كېتىدىكەنسەن. ئىشقىلىپ سەن نەچچە قېتىم يېڭىلىپ قالغان، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. تولا ۋاقتىمنى ئالماي ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل!

— بۇ ئاخىرقى قېتىمى بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ توشقان تاشپاقىغا يالۋۇرۇپ، — ئەگەر سەن ماقۇل بولساڭ، ئەتە ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىمەن. سەن مېنى يېڭىۋالساڭ، يەنە بىر قېتىم شان - شەرەپكە ئىگە بولىسەن ئەمەسمۇ؟

توشقاننىڭ قايتا - قايتا يالۋۇرۇشلىرىدىن كېيىن، تاشپاقا ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.





مۇسابىقە كۈنى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئورمانلىققا يىغىلىپتۇ. يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قائىدە ـ تەرتىپى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان ھايۋانلار توشقان بۇ قېتىم يەنە قانداق بەڭۋاشلىق قىلىپ يېڭىلىپ قالدىكىن دېيىشىپ ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپتۇ. تاشپاقىمۇ بۇرۇنقىدەك سالماق بىلەن قەدەم ئېلىپ مېڭىپتۇ. توشقان ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن يۈگۈرۈپتۇ. بولۇپمۇ يۈگۈرۈش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈپ، پەللىگە بىر دەمدىلا يېتىپ كەپتۇ. بۇ قېتىم توشقان يېڭىۋالغاچقا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەنتەنە قىپتۇ. بىر مۇخبىر توشقانغا:«سىز بۇ قېتىم مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئاجايىپ ماھارەت بىلەن يۈگۈردىڭىز، مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز» دەپتۇ. توشقان مۇخبىرنىڭ سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:«شۇ چاغدا كەينىمدىن بىر بۆرە قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، جېنىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ناھايىتى تېز يۈگۈردۈم». توشقاننىڭ بۇ جاۋابى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋېتىپتۇ.

بۇ قېتىم يېڭىلىپ قالغان تاشپاقا مەيۈسلەنگەن ھالدا پىچىرلاپتۇ:«بۆرە بولمىغان بولسا سەن تەنتەكنىڭمۇ يۈگۈرۈشى چاغلىقكەن».











# پاقلاننىڭ پاراسىتى



بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەقىللىق پاقلان بولغانىكەن. ئۇ ھەرقانداق ئىشتا كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر ئىكەن. بىر كۈنى پاقلان بۇلاق بويىغا كېتىۋاتسا بىر بۆرە ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرىنىڭ يىرتقۇچلۇقىنى ئوبدان بىلىدىغان پاقلان قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ، قانداق قىلىپ بۆرىدىن قۇتۇ-لۇش ھەققىدە ئويلىنىپتۇ. بۆرە ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ سېمىز، ئوماق پاق-لاننى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قېنىغا پاتماي قاپتۇ. ئۇ پاقلانغا ئېتىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا پاقلان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەپتۇ:

— بۆرە تاغا، بۆرە تاغا! مەن سىزنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، ئەجەب ئوبدان ئۇچراپ قالدىڭىز.

پاقلاننىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن سۆزى بۆرىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ: «توۋا، بۇ پاقلان مەندىن قورقۇشتا يوق، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇيا...»

شۇنداق ئويلىغان بۆرە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن سوراپتۇ:

— مېنى نېمە دەپ ئىزدىگەنىدىڭ؟



— ئاپام ئاغرىپ قالغان، سىزنى ئاپامنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالايدۇ، دەپ ئاڭلاپ ئىزدەپ ماڭغانىدىم. جېنىم بۆرە تاغا، خوش بولۇپ كېتەي، ئاپامنى قۇتقۇزۇۋالسىڭىز، يەنە كېچىكسەك ئاپام ھاياتىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن.

بۆرە پاقىلانىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ سوراپتۇ:



— ئاپاڭنىڭ كېسىلىنى مېنىڭ داۋالىيالايدىغانلىقىمنى نەدىن ئۇقتۇڭ؟

— تۈلكە ھەدەم تۈنۈگۈن بىزنىڭ مەھەللىگە بېرىپتىكەن، ئۇ شۇنداق دېگەنىدى.

«ھە، ئەسلى بۇ تۈلكىخانىنىڭ ئويۇنىكەن ئەمەسمۇ؟». بۆرە پاقىلانىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ ـ دە، «پاقىلان بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئانا ـ بالا ئىككىسىنى قوشۇپلا يەيچۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

— تېز بول، ماڭا يول باشلا! — دېگىنىچە پاقىلانغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ بۆرە. پاقىلان بۆرىنى ئانىسىنىڭ يېنىغا ئەمەس، ئۇدۇل ئوۋچىنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپتۇ. مەرگەن ئوۋچى بۆرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتۇ.






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىككى كاسىپ



بۇرۇنقى زاماندا ئىككى كاسىپ بولغانىكەن. ئۇنىڭ بىرى موزدۇز، يەنە بىرى ساتىراش ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىنى ماختىشىپ تاكاللىشىپ قاپتۇ.

— مېنىڭ ئالدىمغا چاچ ـ ساقال ئالدۇرغىلى شاھمۇ كېلىدۇ. مېنىڭ ھۈنىرىم باش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئادەمنى باش باشقۇرىدۇ. شۇڭا مېنىڭ ھۈنىرىم سېنىڭ ھۈنىرىڭدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، — دەپتۇ ساتىراش موز-دۇزغا. موزدۇزمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— سەن دەۋاتقان شۇ باشنى پۇت كۆتۈرۈپ ماڭمىسا، ئۆزى دوملاپ ماڭمايدىغاندۇ، ساڭا چاچ ـ ساقىلىنى ئالدۇرغان شۇ شاھلارمۇ پۇتىغا ئاياغ كىيىدىغاندۇ، يالاڭ ئاياغ يۈرگەن شاھنى كۆرمىگەن بولغىيتتىڭ؟ ئۇلار كە-يىۋالغان شۇ نوچى ئۆتۈكلەرنى مانا مەن تىككەن!

موزدۇزنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ساتىراش تېخىمۇ قايناپ كېتىپتۇ:

— شاھنىڭ ئالتۇن تاجى باشقا يېقىنمۇ، ئاياغقىمۇ؟ شاھ مەن ئۇستىرا تەگكۈزگەن ئاشۇ بېشىغا ئالتۇن تاجنى كىيىدۇ. شاھنىڭ چىرايلىق بۇرۇتىنىمۇ

مانا مەن ياساپ قويغان.

—شۇنداقمۇ دەيلى، — دەپتۇ موزدۇز ساتىراشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ قىزىپ، — شاھ، شاھزادىلەر سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن بىلەن خانىش، مەلىكىلەر كەلمەيدۇ. ئاشۇ ساھىبجامال خانىش، مەلىكەلەرنىڭمۇ چىرايلىق توپلەي، ئۆتۈكلىرىنى مەن تىككەن.

—شاھنىڭ چېچىنى ئېلىۋاتقان چېغىمدا ئۆزۈمنى مۇشۇ ئەلدىكى ھاكىمىيەتنى قولۇمغا ئېلىپ بولغاندەكلا ھېس قىلىمەن. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇستىرىنى باشقا ئەمەس، كانايغىلا سالىدىغان بولسام ...

ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ كەسپىنى بىر - بىرىگە ئەنە ئاشۇنداق ماختاۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا موزدۇز موزدۇزلۇقنى تاشلاپ ساتىراشقا، ساتىراش ساتىراشلىقنى تاشلاپ موزدۇزغا ئايلىنىپتۇ.



# يالغانچى مېكياننىڭ ئاقىۋىتى



قىزىل مېكىيان ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىرەر تۇخۇم تۇغۇپلا كەچكىچە رۇكۇلداپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئۆزىنى ماختاش ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى چاتقاللىقتا كېتىۋېتىپ، بىر غاز تۇخۇمنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ غاز تۇخۇمنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆزىنىڭ كاتىكىگە ئەكىرىۋاپتۇ. دوستلىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي، قىزىل مېكىيان، بۇ قېتىم تۇغقان تۇخۇمىڭ بەكلا چوڭغۇ؟ ئۆزۈڭنىڭ تۇخۇمىمۇ ياكى...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزىل مېكىيان يالغان گەپنى توقۇپ سۆزلەۋېرىپتۇ:

— ئۆزۈمنىڭ تۇخۇمى بولماي، خەقنىڭ تۇخۇمنى كاتەككە ئەكىرىۋالىدىغان ساراڭ ئەمەس مەن.

قىزىل مېكىياننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان باشقا توخۇلار ئارتۇق

گەپ قىلماي، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، قىزىل مې-كىيان مەھەللىدىن زېرىكىپ ئورمانلىققا بېرىۋاپتۇ. بۇ ئورمانلىقتا بۇلبۇللار ماي ئېيى كېلىشى بىلەن توختىماي سايرايدىكەن. بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار سايراشتىن توختايدىكەن. بۇلبۇللار تىنچىغان مەزگىلدە، مېكىيان ئاشۇ ئورمانلىقتا كېتىۋاتسا ئۇنىڭغا بىر قىرغاۋۇل ئۇچراپتۇ. قىرغاۋۇل مېكىياننى تونۇمىغاچقا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي دوستۇم، مەن سېنى تونۇمايدىكەنمەن، كىم بولسەن؟

— مەن بۇلبۇل، — دەپتۇ قىزىل مېكىيان خىجىل بولمايلا، — ئال-دىنقى ئايلاردا ناخشىنى تولا ئېيتىپ چارچاپ قالغاچقا، دەم ئالغىلى كەلگە-نىدىم.

قىرغاۋۇل بۇلبۇلنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى كۆپ ئاڭلىغانىكەن، شۇڭا ئۇ قىزىل مېكىياننى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ مېھمان قىپتۇ. قىزىل مېكىيان يالغان گەپىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان بولغاچقا، ئورمانلىقتا مۇ-شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن جان باقماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتق-سا، بۈركۈت ئۇچراپ ئەدەپ





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىلەن سالام قىپتۇ:

— دوستۇم، سىز كىم بولىسىز؟

قىزىل مېكىيان دەرھال بىر ئەقىل ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ بۆركۆتنىڭ داڭقىنى ناھايىتى كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇڭا، ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن رۇكۇلداپتۇ:

— ھە، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ ھەرقايسىڭنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان بۆركۆت دېگەن مەن بولىمەن، ئالدىمنى توسۇماي بۇياققا ئۆت!

بۆركۆت قىزىل مېكىياننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەپتۇ ـ دە، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ كانىيىنى قاماللاپتىكەن، قىزىل مېكىيان رۇكۇلداشقىمۇ ئۈلگۈرمەي جان بېرىپتۇ.



# ئۆردەك بىلەن ئەينەك



بىر كۈنى ئۆردەك بىر ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەينەكنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇڭا، ئۇ ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

—نېمانچە سەت نەرسە سەن؟ — دەپ غاقىلداپتۇ ئۆردەك ئۆزىنىڭ چىرايىغا قاراپ. ئەينەكتىكى ئەكسمۇ ئۆردەككە گەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. شۇڭا ئۇ ئالدىدىلا تۇرغان «ياپىلاق تۇمشۇق»نى ئەدەپلەپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىلغانىكەن، ئۇمۇ ئېتىلىپتۇ، قانتى بىلەن ئۇرسا ئۇمۇ ئۇرۇپتۇ.

—سەن سەتلىكىڭگە باقماي تېخى مەن بىلەن تەڭ ئېلىشماقچىمۇ؟— ئۆردەك شۇنداق دەپ غاقىلدىغىنىچە ئۆزىنىڭ ئەكسى بىلەن خېلى ئۇزاققىچە سوقۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ پەي ـ قاناتلىرى توزۇشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭغا ناھايىتى

www.uyghurkitap.com



ئاچچىقى كەلگەن ئۆردەك يوغان بىر تاشنى ئېلىپ ئەينەك ئىچىدىكى چىرايىغا ئاتقانىكەن، ئەينەك چېقىلىپ كېتىپتۇ. يەردە پارە - پارە بولۇپ ياتقان ئەينەك پارچىلىرىدىن ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەكسىنى كۆرگەن ئۆردەك تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ.

ئۆز ئەكسىڭنى بىلمەستىن يۇرمە،
ئۆز - ئۆزۈڭنى مازاق قىپ كۈلمە.





# ھۆپۈپنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشى

ھۆپۈپ دائىم ئۆز ھۆسنىگە
قىلماي قانائەت.
ئۆزى ئۆزىگە دەيدىكەن ئۇ:
«مەن نېمانچە سەت؟
مەن ئات بولسام ياخشى ئىدى،
ھۆپۈپ بولغۇچە».
شۇ ئارزۇدا يۈرۈپتۇ ئۇ،
كۈندۈز ۋە كېچە.
پاھ، بىر كۈنى ئۆزگىرىپ ئۇ،
بولۇپ قاپتۇ ئات.
ئوتلاقتا ئۇ قىيغىتىپتۇ

بولۇپ بەكمۇ شاد.

ئادەم ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ

قويماي ھالىغا،

قوشۇۋاپتۇ ئۇنى تېخى

يوغان ھارۋىغا.

مىنىپ تېخى بەزەن ئۇنى

ئوغلاق تارتىپتۇ.

ئايىماستىن يۈك ـ تاقلارنى

راسا ئارتىپتۇ.

ئات بولماقمۇ ھۆپۈپچانغا

كەپتۇ بەك ئېغىر.

ئۇزاق ئۆتمەي دۈمبىسىمۇ

بولۇپتۇ يېغىر.

شۇڭا ھۆپۈپ ئات بولۇشتىن

رەنجىپ، زېرىكىپ،

«ئات بولماستىن بېلىق بولاي»،

دەپتۇ تېرىكىپ.

شۇنىڭ بىلەن ھۆپۈپ دەرھال

بولۇپتۇ بېلىق.

سۇ ئىچىدە پىلتىڭلاپتۇ

چىقىرىپ قىلىق.
بىراق، سۇدىن قىرغاقلارغا
چىقالماپتۇ ئۇ،
شاخقا قونۇپ ناخشىسىنى
ئېيتالماپتۇ ئۇ.
چوڭ بېلىقلار ئۇنى يېمەك
بولۇپ قوغلاپتۇ.
بېلىقچىلار تاشلاپ تورنى
تىنچ قويماپتۇ.
تۇمشۇقىدىن ئىلىنىپتۇ
بىر رەت قارماققا.
ئەمدى ھۆپۈپ چىدىماپتۇ
بۇنداق چاقچاققا.
شۇڭا ھۆپۈپ دەپتۇ: «ياناي
ھۆپۈپلۈكۈمگە،
رازى بولۇپ ئۆتەي ئەمدى
ئەسلى كۈنۈمگە».



# ئاق قۇشقاچنىڭ نەغمىسى

ئاق قۇشقاچ ئۆزىنى باتۇر، چېچەن، ئەقىللىق قىلىپ كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەن. تورغاي، قارىغوجا، تۆمۈرتۇمشۇقلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ماختاپ، تازا پو ئاتقۇسى بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئۇنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۆزىنى ئاشۇرۇپ ماختاشتىن خىجىل بولىدىكەن. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ماختىمىسا پەقەت تۇرالمايدىكەن. شۇڭا ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۆزىنى ماختاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپتۇ ـ دە، پو ئېتىشقا باشلاپتۇ:

— بوۋامنىڭ بوۋىسى كارامەتكەنتۇق، ئۇ چاغدا بىز ئاق قۇشقاچلار ھازىرقى بۈركۈتلەردىنمۇ يوغانكەنمىز، ھەممە قۇشلار بىزنى شاھ دەپ ھۆرمەتلەيدىكەن. دادام ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتسە باشقا قۇشلار قورققىنىدىن ھەرتەرەپكە قېچىپ كېتىشىدىكەن. بىزنىڭ بوي ـ بەستىمىزمۇ...

شۇ چاغدا تورغاي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

— ئۇنداق بولسا ھازىر سىلەر نېمىشقا بۇنداق كىچىك بولۇپ قالدىڭلار؟

ئاق قۇشقاچ تورغاينىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئۆزىنىڭ گېپىنى دا-

ۋاملاشتۇرۇپتۇ:

—ئۇ چاغدا بىزنىڭ قاناتلىرىمىز تۇزنىڭكىدەك چىرايلىق ۋە رەڭدار ئىكەن. تۇمشۇقىمىزمۇ بۈركۈتنىڭكىدەك ئۇچلۇق ۋە ئۆتكۈر ئىكەن. قاناتلىرىمىزنى يايدىغان بولساق خۇددى بىر رەڭدار گۈلزارلىققا ئوخشايتىكەن... بىلەمسىلەر، ئەسلىدە مەن سىلەرنىڭ خىلىڭلار ئەمەس، سىلەر قۇشلارنىڭ ئەڭ ئەرزىمەسلىرى.

بۇ گەپتىن ئاچچىقى كەلگەن تۆمۈرتۇمشۇق غەزەپ بىلەن سوراپتۇ:

—ئۇنداق بولسا نېمىشقا سىلەر شۇ بوۋاڭلاردەك بولالمايسىلەر؟

ئاق قۇشقاچ تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي يەنە ئۆزىنىڭ بوۋىلىرىنى ماختاپ ۋىچىرلاۋېرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن گۈللەر

رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرغان گۈلزارلىقتا ھەسەل ھەرىلىرى ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھەممەيلەن: «ھەسەل ھەرىلىرى بەك مېھنەتكەش، گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ شىرنە يىغىپ ھەسەل ئىشلەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئىشچانلىقىدىن ئۆگەنسەك بولىدۇ» دې-گەچكە، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇرۇنقىدەك ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئىشلەيدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، تولا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار تېخى يېقىن دوستلىرى كېپىنەك، يىڭ-ناغۇچلارنىمۇ ئەيىبلەپ:«سىلەر بىزگە مەنسۇپ بۇ گۈلزارلىقتا نېمە قىلى-سىلەر؟ سىلەرنىڭ گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ يۈرگىنىڭلارنىڭ نېمە پايدىسى، بىز شىرنە يىغىمىز، سىلەر نېمە يىغىسىلەر؟ بىز ھەسەل ئىشلەيمىز، سىلەر نېمە ئىشلەيسىلەر؟» دەپ پوچىلىق قىلىدىغان بوپتۇ.

ھەسەل ھەرىلىرى ئاشۇنداق كۆرەڭلەپ، دوستلىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىگە شىرنە تەقدىم قىلىۋاتقان گۈللەرگىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ:«بىز

سىلەرنىڭ شىرنەڭلەرنى ھەسەلگە ئايلاندۇرۇۋاتىمىز. بىز بولمىغان بولساق، سىلەرنىڭ شىرنەڭلار شامالدا ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتى» دەپ زەھرىنى سانجىيدىكەن. كەمتەر ۋە مۇلايىم گۈللەر ھەسەل ھەرىلىرىگە گەپ يان-دۇرمايدىكەن. گۈللەرنىڭ سۈكۈت قىلغانلىقىنى كۆرگەن ھەسەل ھەرىلىرى ئۇلار بىزگە باش ئەگدى دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى تېخىمۇ بوزەك قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار گۈل شاھى بارلىق گۈللەرگە شىرنە ئىشلەپچىقارماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈللەر شىرنە ئىشلەپچىقارماپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەسەل ھەرى-لىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاژىلدىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار گۈللەرگە يالۋۇرۇپتۇ:

— كەچۈرۈڭلار، بىز خاتا گەپ قىلىپ قويۇپتۇق. سىلەر بولمىساڭلار بىزنىڭ ھەسىلىمىز تۇگۈل قەدىر - قىممىتىمىزمۇ بولمايدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# چۈمۈلىلەر



چۈمۈلىلەر توپلىشىپ ياشىغاچقا ناھايىتى ئىجىل - ئىناق ئۆتىدىكەن. ئۇلارنىڭ جۈغى ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئورتاق كۈچ چىقىرىپ قىلغاچقا، خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىكەن.

بىر كۈنى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى توختىماي ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان شاھ چۈمۈلە مۇنداق دەپتۇ:

— ئاڭلىغانسىلەر، ھازىر بىزنى يولۋاس شاھ، ۋەزىر ئېيىقلارمۇ ماختاۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ بىز ئاشۇنداق ماختاشقا تېگىشلىك. ئەمدى بىزمۇ مەيدىمىزنى كېرىپ يۈرۈشىمىز كېرەك. يولۋاس شاھمۇ ئۆز بەدىنىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ئەمدى بىز كەچكىچە بىر تۈشۈكنىڭ ئەتراپىدىلا ئايلىنىپ، قورساقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرمەي، كۆڭلىمىز تارتقان يەرگە بارايلى. كۆڭلىمىز خالىغان ئىشنى قىلايلى!

شاھ چۈمۈلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۈمۈلىلەر «توغرا!» دېيىشىپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇلار ھەر تەرەپكە پېتىراپ، بىردەم يولۋاسنىڭ

## ئۇيغۇر باللار مەسەللىرى (1)

تاپىنىنى، بىردەم مايمۇننىڭ كاسىسىنى چېقىپتۇ. بۈركۈت، لاچىنلارنىڭ ئۇ-
ۋىلىرىغا بېرىپ، تېخى پەي ـ تۈكلىرى چىقمىغان باللىرىنى چېقىپ چىرقى-
رىتىۋېتىپتۇ. ئارامخۇدا ئۇخلاۋاتقان يولۋاس شاھنىڭ تۇمشۇقىنى چېقىۋاپتۇ.
ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن ئاچچىقى كەلگەن جان ـ جانىۋارلار چۈمۈلىنىڭ ھالىغا
باقماي ھەددىدىن ئاشقانلىقىغا خاپا بولۇپ، چۈمۈلىلەرگە بىرلىكتە قارشى
تۇرۇپتۇ. ئېيىق بىر تال ياغاچنى ھەسەلگە سۈركەپ چۈمۈلىلەرگە تۇتۇپ
بەرگەنىكەن، چۈمۈلىلەر ھەسەل سۈركەلگەن ياغاچقا يامىشىپتۇ. ئېيىق ھە-
سەلگە يېپىشقان چۈمۈلىلەرنى لەززەتلىنىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. مايمۇن چۈ-
مۈلىنىڭ ئۇۋىسىغا سۇ قۇيۇۋېتىپتۇ. بۈركۈت بىلەن لاچىن ئۆيىدىكى پەنەر
چىراغىنىڭ كىرسىنىنى چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا قۇيۇپ، ئوت قويۇۋېتىپتۇ.
ھەممىلا يەردە قارشىلىققا ئۇچرىغان چۈمۈلىلەر ئۆزىنىڭ يامان خۇي ـ
پەيلىنى تاشلاپتۇ.



# قۇرت بىلەن كېپىنەك



قۇرت ياپراقتىن ـ ياپراققا ئۆمىلەپ چارچاپ، يوغانراق بىر ياپراقنىڭ ئۈستىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرسا ئالدىدىن قاناتلىرى تولىمۇ رەڭدار بىر كېپىنەك ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. قۇرت كېپىنەكنىڭ تولىمۇ چىرايلىق قاناتلىرىغا، لەپىلداپ ئۇچۇشىغا بەكلا ھەۋەس قىپتۇ. كېپىنەك ئۇنىڭ يېنىدىكى ياپراققا ئۇچۇپ كېلىپ قونۇپتۇ.

—ھەي دوستۇم، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟ — قۇرت ناھايىتى كۆچەپ تۆۋلىغان بولسىمۇ، كېپىنەك ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماپتۇ. قۇرت تېخىمۇ كۆچەپ تۆۋلاپتۇ. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن كېپىنەك قۇرتنىڭ ئۆزىنى تۆۋلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق ساپتۇ.

—ھە، قۇرتجان، ھالىڭغا باقماي نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ مېنىڭ كىملىكىم بىلەن نېمە كارىڭ؟ سەن بۇ يەردە ساقچىلىق قىلىۋاتايدىغانسەن؟

—ياق، مەن سىز بىلەن دوست بولاي دېگەنىدىم.

—مەن سەن بىلەن دوست بولارمەنمۇ؟ سەن دېگەن ياپراق ئۈستىدە



ئۆمىلەپ يۈرىدىغان بىر قۇرت، مېنىڭكىدەك رەڭدار قانىتىڭ بارمۇ؟ مەن-دەك ئۇچالامسەن؟

كېپىنەك ئۇنى سەت سىلىكىشلىسىمۇ، قۇرت كېپىنەككە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىپتۇ:



— سىز بۇ رەڭدار قاناتنى نەدىن ئالغان؟ ماڭا دەپ بېرىڭ، مەنمۇ ئاشۇنداق قاناتتىن ئالماقچىمەن.

قۇرتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كېپىنەك يەنە بىرمۇنچە كايىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا يەنە بىر كېپىنەك كېلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ياپراققا قونۇپتۇ. قۇرت بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ، مېنى يەنە تىللايدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرەپ تۇرغاندا، كېيىن كەلگەن كېپىنەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي دوستۇم، سىز قۇرتنى ئەيىبلىۋەرمەڭ، ئۇمۇ بىزنىڭ قېرىندى-شىمىز، بىزمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا قۇرت ئىدۇق. بىزمۇ تۇخۇمدىن لىچىنكىغا، لىچىنكىدىن قورچاققا، قورچاقتىن قۇرتقا، قۇرتتىن كېپىنەككە ئايلانغان. قۇرت، سەنمۇ سەۋر قىلغىن، نەچچە كۈندىن كېيىنلا سەنمۇ بىزدەك كېپە-نەككە ئايلىنىسەن.









uyghurkitap.com



# ئالا ئاسلان ئارسلان بولماس



ئالا ئاسلان باشقا ئاسلانلارغا قارىغاندا يوغان، ئاۋازىمۇ بوم بولغاچقا، ئۆزىنى ناھايىتى قالتىس چاغلايدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۆت قىرىندىشىنى ھەمىشە تاتىلاپ بوزەك قىلىدىكەن. ئۇ ئانىسى ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى يەپ تۇرغاچقا، تېخىمۇ تېز يوغىناپتۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى مەن ئادەتتىكى ئاسلان ئەمەس ئوخشايمەن، دەپ ئويلايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئالا ئاسلان مەھەللىنىڭ يېنىدىكى توقايلىقتا چاشقان قوغلاپ ئويناۋاتسا، بىر تۈلكە كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

—ھە، ئارسلانجان، بۈگۈن بۇ يەردە ئويناپ قاپسەنغۇ؟

ئالا ئاسلان تۈلكىنىڭ ئۆزىنى ئارسلانجان دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قاپتۇ ۋە دەرھال ياندۇرۇپ سوراپتۇ:



—سىز بايا مېنى نېمە دەپ ئاتىدىڭىز؟

—ئىسمىڭنى ئاتىدىمغۇ؟

—مېنىڭ ئىسمىم نېمە؟

—ئارسلانغۇ!



—ۋۇي، مەن راست ئارسلانمۇ؟

—شۇنداق، بىراق سېنى مۇشۇك خېنىم بېقىۋاپتىكەنغۇ؟ تۇۋا، سەن ئاشۇ ئاسلانلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۆزۈڭنىڭ ئارسلانلىقىڭنىمۇ بىلەلمەپ-سەن - دە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالا ئاسلان ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ: «مەن نېمىشقا ئۇلارغا ئوخشىمايمەنكىن دېسەم، ئەسلى مەن ئارسلانكەنمەن - دە!»

شۇ كۈندىن باشلاپ ئالا ئاسلان ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ، ئۆزۈمنىڭ ئاتا - ئانامنى تاپىمەن، دەپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. كىم ئۇچرىسا شۇنىڭدىن: «مەن ئاتا - ئانامنى ئىزدەۋاتقان ئارسلان، سىلەر ئا-تا - ئانامنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ مىياڭلايدىكەن. ھايۋانلار ئۇنى ئالجىغان ئاسلان ئوخشايدۇ، دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئاخىر ئۇ ھەقىقىي ئارسلانغا ئۇچراپ قېلىپ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قاپتۇ.

«ئالا ئاسلان ئارسلان بولماس» دېگەن گەپ ئەنە شۇنىڭدىن قالغا-نىكەن.









ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# توپلاشقان قاغا يولۋاسنى يەيدۇ



قاغىلارنىڭ خۇشال ـ خۇرام قاقىلداپ يۇرگەنلىكىدىن ئاچچىقى كەل- گەن يولۋاس ئۇلارنى قوغلاپ ئارامىلىق بەرمەپتۇ. قاغىلارنىڭ ئۇۋىسى بار بىرنەچچە تاغ تېرەكنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۇۋىلىرىنى ۋەيران قىپتۇ. ئىشقىلىپ، ئۇ قاغىلارغا پەقەت ئارام بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ مەسلىھەتلىشىپتۇ:

—يېقىندىن بېرى يولۋاس بىزگە پەقەت ئارامىلىق بەرمەيدىغان بولدى. بىز ئۇۋا سالغان تېرەكلەردىن نەچچىنى ئۆرۈۋەتتى. ئەمدى ئۇنى بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن قوغلىمىساق، بىزگە خاتىرجەملىك يوق ئوخشايدۇ، —شاھ قاغىنىڭ بۇ گېپىدىن غەزەپكە كەلگەن قاغىلار تېخىمۇ قاقىلداپ كېتىپتۇ:

—بىز بىرلىشىپ يولۋاسنى بۇ يەردىن ھەيدىۋېتىشىمىز كېرەك. ھەم- مىمىز تەڭ كۈچ چىقارساق يولۋاسنى چوقۇم ھالاك قىلالايمىز.

شۇنىڭ بىلەن قاغىلار توپلىشىپ يولۋاسقا ھۇجۇم قىپتۇ. «ئۆتكۈر تۇمشۇق» دەپ نام ئالغان ئىككى قاغا ئالدى بىلەن يولۋاسقا ئېتىلىپ، ئۇ-

نىڭ كۆزىنى چوقۇلاپ قارىغۇ قىلىۋېتىپتۇ. كۆزىدىن ئايرىلغان يولۋاس نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھۆركىرەپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. قاغىلار ئۇنى قوغلاپ چوقۇلاپتۇ. يولۋاس جان ئاچچىقىدا ھەرتەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يوغان بىر قورام تاشقا ئۇسۇپ يىقىلىپتۇ. قاغىلار ئۇنى توختىماي چوقۇلا-ۋېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

«توپىلاشقان قاغا يولۋاسنى يەيدۇ» دېگەن گەپ ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



www.uyghurkitap.com



# تورغاي تەلۋە بولسا، بۈركۈتكە ھەيۋە قىلار



توقايلىقتا بولغانىكەن،
بىر پوچى تورغاي.
سەھەر، كەچتە ناخشا ئېيتىپ
يۈرەركەن تىنماي.
كونا دوستى ئاق قۇشقاچنى
كۆزىگە ئىلماي،
ئۆتىدىكەن تۈز ئالدىدىن
سالاممۇ قىلماي.
«ناخشىچىمىز» دەپ بارچە قۇش
قىلغاچقا ھۆرمەت،
«يوق مېنىڭدە» دەيدىكەن ئۇ،
«قىلچىلىك ئىللەت».
قاغىنىمۇ «قاقىلدىدىك»
دەپ سەتلەيدىكەن،

قارىغوجىنى «دورامچۇق» دەپ
ھەم يەكلەيدىكەن.
«قۇشلار ئارا مەندىكى يوق»
دەپ ماختايدىكەن.
لاچىنىمۇ ئارقىسىدىن
كۆپ تىللايدىكەن.
تورغاي شۇنداق خۇشال سايراپ،
ئويناپ، كۈلگەندە،
كۆرەلمىگەچكە، قىن - قىنىغا
پاتماي يۈرگەندە.
توقايلىققا كېلىپ قاپتۇ
بۈركۈت بىر كۈنى،
كەلگەنىكەن ئەسلى ئۇمۇ
قوغلاپ تۈلكىنى.
بۈركۈت بىردەم توقايلىقتا
ئالغاندا ئارام،
ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپتۇ
شۇ تورغاي قارام.
«نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ بىزنىڭ
بۇ توقايلىققا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


دەۋاتىمانتىڭ مېنىڭ يۇرتۇم
ئاق باشلىق چوققا.
سەن بۇ يەردىن تېزراق كەتكىن
ئەي ئىلمەك تۇمشۇق،
تېزراق كەتكىن، بولمىسا مەن
چىقىرىمەن ئوق».
ئاچچىقىدا بۈركۈت ئۇنى
ئاپتۇ قاماللاپ،
جان بېرىپتۇ تورغاي شۇ چاغ
چىرقىراپ، زارلاپ.
«تورغاي تەلۋە بولسا قىلار
بۈركۈتكە ھەيۋە»،
دېگەن بۇ گەپ تارقىلىپتۇ،
شۇڭلاشقا ئەلگە.

# قورقۇنچاق بالا



بۇرۇنقى زاماندا جۇشقۇن ئىسىملىك ناھايىتى قورقۇنچاق بىر بالا بولغانىكەن. ئۇ گۈگۈم چۈشە ـ چۈشمەيلا قورقۇپ ئۆيگە كىرىۋالىدىكەن. بەزىدە ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ، ئايىغىنىڭ تىۋىشىدىنمۇ قورقۇپ كېتىدىكەن.

ئۇ تالا ـ تۈزگە ئانچە كۆپ چىقمىغاچقا، جان ـ جانىۋارلارنىڭ قادىقلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا قوي، كالا، توخۇ، ئۆردەكلەرنى كۆرسىتەيلى، دېسىمۇ قورقىمەن، دەپ كۆزىنى ئېتىۋالىدىكەن.

بىر كۈنى جۇشقۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئېتىزغا كېتىپ، خېلى ئۇزاققىچە كەلمەپتۇ. جۇشقۇن ئۆيدە يېتىپ زېرىكىپتۇ. ئۇ ئويۇنماقچى بولۇپ سىرتقا چىقىپتۇ. شۇ چاغدا مەھەللىدە جۇشقۇننىڭ دوستى ئۇچقۇننىڭ بىر قوڭغۇراقلىق ئوغلىقى تاقلاپ ـ سەكرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەركىلىگىنىچە يۈگۈرۈپ كەپتۇ. جۇشقۇن ئوغلاقنى بۆرە ئوخشايدۇ، دەپ قاچماقچى بولۇپ پۇتلىشىپ يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇچقۇن كېلىپ جۇشقۇننىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. جۇشقۇن: «بۆرە! بۆرە!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇچقۇن ئۇنىڭدىن:

www.uyghurkitap.com



ــقەيەردە بۆرە باركەن؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، جۇشقۇن ئۇچقۇننىڭ كەيندە تۇرغان ئوغلاقنى كۆرستىپتۇ. ئۇچقۇن ئۆزىنى تۇتالماي كۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ جۇشقۇنغا مەھەللىدىكى نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. جۇشقۇنمۇ تالا ـ تۈزدىكى نەرسىلەر بىلەن تونۇ- شۇپ قورقۇنچاقلىقنى تاشلاپتۇ.





# ئەركە يولۋاس





ئانا يولۋاس بالىسىنى بەكمۇ ئەركە قىلىپ قويۇپتۇ. يول يۈرگەندە دائىم بالىسىنى يۈدۈۋالىدىكەن. «مەن بىلەن ئوۋغا چىقساڭ چارچاپ قالىسەن، سەن ئۆيدە ئۇخلاپ ئارام ئالغىن» دەپ، ئۇنى يۇمشاق كۆرپىدە ئۇخلىتىپ قويىدىكەن. ئىشقىلىپ ئانا يولۋاس بالىسىنىڭ ھەرقانداق تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييار ئىكەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ يولۋاسنىڭ بالىسىمۇ چوڭ بوپتۇ. بىراق، ئۇ يەنىلا ئەركىلەپ ئانىسى ئەكىلىپ بەرگەن ئوۋ نېمەتلىرى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئويناپ، تاقلاپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ بويى ئانىسى بىلەن تەڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆز ئالدىغا ئوۋ ئوۋلىماقتا يوق، ئانىسىنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىماي، خالىغانچە بەڭۋاشلىق قىلىدىغان بوپتۇ. بىراق، ئۇ ئۆيىدىن يىراقراق يەرگە بارالمايدىكەن. قوي بىلەن يىلپىزنى، ئېيىق بىلەن ئېشەكنى، توخۇ بىلەن بۆركۈتنى ئايرىيالمايدىكەن.

ئانىسى ئۇنىڭغا ئوۋ قىلىشنى ئۆگەتمەكچى بولۇپ ئوۋغا ئېلىپ چىقسا، ئەركە يولۋاس ئازراق يول مېڭىپلا ھېرىپ قالدىم، دەپ يېتىۋېلىپ، ئانىسى



uyghurkitap.com



قانچە يالۋۇرسىمۇ تۇرغىلى ئۇنىماپتۇ. ئانا يولۋاس ئۇنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ، پەقەت كۆتۈرەلمەپتۇ. ئۇ يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ بالىسىنى مىڭ بىر جاپادا قايتۇرۇپ كەپتۇ.

ئارىدىن يەنە نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. ئانا يولۋاسمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەركە يولۋاسقا ئوزۇقلۇق ئەكېلىپ بېرىدىغان ئانىسى بولمىغاچقا، ئۆزى ئوۋ ئوۋلىماقچى بولۇپ ئوتلاققا كەپتۇ. شۇ چاغدا بىر بەتۋاش موزاي ئوتلاقتا سەكرەپ ئويناپ يۈرگەنىكەن. موزاي يولۋاسنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، يولۋاسنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. يولۋاسمۇ موزاينى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، شۇڭا ئۇ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان موزاينى كۆرۈپ: «بۇ مۇشۇ ئوتلاقنى سوراپ يۈرگەن جانىۋار بولسا كېرەك، ئاپلا! ئۇ ئەمدى مېنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، موزاينىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قېچىپتۇ. ئەتراپتىكى هايۋانلار بۇ غەلىتە ئەھۋالنى كۆرۈپ، موزاينىڭ «باتۇر»لىقىغا بارىكاللا ئوقۇپتۇ.

# چۈمۈلىلەر بىلەن چار مېكىيان



ئىبراھىم ئاكىنىڭ چار مېكىيىنى مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە دانلاۋېتىپ، بىر توپ چۈمۈلىنىڭ ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. چۈمۈلىلەر پادىشاھى مۇنداق دەۋاتقۇدەك: «يۇرتىمىزنى سۇ بېسىپ كېتىدىغان بولدى، مەنمۇ بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدىم، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇڭلار!» شۇ گەپتىن كېيىن چۈمۈلىلەر تېخىمۇ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. چار مېكىياننىڭ چۈمۈلىلەرگە ئىچى ئاغرىپ، چۈمۈلە پادىشاھىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەممىڭلار مېنىڭ ئۈستۈمگە چىقىۋېلىڭلار! مەن سىلەرنى قۇتقۇزۇۋالىمەن.

چۈمۈلە پادىشاھى بىرلا بۇيرۇق قىلغانىكەن، چۈمۈلىلەر ناھايىتى تېزلىك بىلەن چار مېكىياننىڭ ئۈستۈشىغا يامىشىپتۇ. سۇ يېتىپ كەلگۈچە، چۈمۈلىلەرنىڭ ھەممىسى چار مېكىياننىڭ ئۈستىگە چىقىپ بوپتۇ. چار مېكىيان تېز يۈگۈرۈپ چۈمۈلىلەرنى بىنەملىككە ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. جېنى ئامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالغان چۈمۈلىلەر خۇشال بولۇپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ. چۈمۈلە پادىشاھى چار مېكىياننىڭ ياخشىلىقىغا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ:«چوقۇم ياخشىلىقىڭنى قايتۇرىمىز» دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئىبراھىم ئاكا:«چار مېكىيان تۇخۇم تۇغالماس بولۇپ قالدى، قارىغاندا دانىنى مەندىن يەپ باشقىلارنىڭ كاتىكىگە تۇخۇم تۇغۇۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ خاپا بولۇپ، چار مېكىياننى يالغۇز كاتەككە سولاپ جازالاپتۇ.

چار مېكىياننىڭ ئەھۋالى چۈمۈلە پادىشاھىغا يېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلغان چار مېكىيانغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەربىرى بىر تالدىن دانىنى يۈدۈپ، چار مېكىيان سولانغان كاتەككە قاراپ سەپەر قىپتۇ. ئۇلار نەچچە سائەتلىك جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ، چار مېكىيان سولانغان كاتەكنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلار چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ قوماندانلىقىدا كاتەكنىڭ يوچۇقىدىن كىرىپ، چار مېكىياننى دان بىلەن تەمىنلەپتۇ ھەمدە كاتەكنىڭ يوچۇقىنى كولاپ چوڭايتىپ، ئۇنى كاتەكتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ.

# ئاكا ـ ئۇكا چېكەتكىلەرنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى



چاتقاللىقتا ياشايدىغان ئاكا ـ ئۇكا چېكەتكىگە دادىسى ھۈنەر ئۆگەت-
مەكچى بولۇپ، ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ:

—باللىرىم، ئەمدى سىلەرمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭلار، ئۆز ئالدىڭلارغا بىر ھۈنەر ئۆگىنىپ كېلىڭلار، —دەپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا چېكەتكىلەر يولغا چىقىپ بىر ئاچا يولغا كەلگەندە ئايرىلىپ كېتىپتۇ.

چوڭ چېكەتكە دادىسىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىرەر ھۈنەرنى ئۆ-
گىنىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق باش قاتۇرۇپ كېتى-
ۋېتىپ، بىر بۇلبۇلنىڭ سايراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇلبۇلنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋازى ئۇنى بەك جەلپ قىلغاچقا، ئۇ بۇلبۇلدىن ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ. بۇلبۇل ئۇنىڭغا: «سەن مەندەك سايراشنى مەڭگۈ ئۆ-
گىنەلمەيسەن» دەپ، قايتا ـ قايتا ئېيتسىمۇ، ئۇ: «چوقۇم ئۆگىنىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇڭا بۇلبۇل ئۇنىڭغا سايراشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ.

كىچىك چېكەتكە نۇرغۇن يەرگە بېرىپتۇ. بارغانلىكى يېرىدە دوست

تۇتۇپتۇ. ئۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ سەكرەش ماھارىتىنى ئاساس قىلىپ، بۆرگە، پاقا قاتارلىق سەكرەش ماھىرلىرىدىن سەكرەشنى ئۆگىنىپتۇ ھەمدە قاناتلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىشنى مەشىق قىپتۇ. كۆپ مەشىق قىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەچكە، ئۇ باشقا چېكەتكىلەردىن يىراققا سەكرىيەلەيدىغان، قاناتلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ، تولىمۇ يېقىملىق ئاۋاز چىقىرالايدىغان بوپتۇ.

ئاكا - ئۇكا چېكەتكىلەر دادىسى بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەت توشقاندىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. چوڭ چېكەتكە بۇلبۇلدىن سايراشنى، بۆركۈتتىن ئۇچۇشنى ئۆگىنىمەن، دەپ يۈرگەچكە ھېچنەرسە ئۆگىنەلمەپتۇ. كىچىك چېكەتكە ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە سەكرەشنى ياخشى ئۆگەنگەچكە، ماھارىتى ئېشىپ دادىسىنى رازى قىپتۇ.






بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى چىرايلىق بىر بالا بولغانىكەن. ئۇنىڭغا مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممىسى ئامراق ئىكەن. ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىنى ماختايدىكەن. بىراق بۇ بالا تولىمۇ ھاكاۋۇر، كۆرەڭ ئىكەن. مەھەللىدىكى باللار:«بىز بىلەن ئوينىغىن» دېسە، «ياق، مەن سىلەردەك سەت باللار بىلەن ئوينىمايمەن» دەپ كېتىپ قالىدىكەن. ئۇ دائىم:«مەن چىرايلىق بولغاچقا، بۇ يەردىكى سەت باللار بىلەن ئوينىسام بولمايدۇ. مەن ئاسمانغا چىقىپ، بۇلۇت ۋە يۇلتۇزلار ئارىسىدا يۈرسەم ياخشى بولاتتى» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ ئاشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەركۈنى ئاسمانغا قاراپ يىغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. ئۇ ئاسماندىكى ئاي بالىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇ كۆك ئاسماندا تۇرۇپ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بوپتۇ. دەسلەپتە ئاي بولغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا

www.uyghurkitap.com



مەغرۇرانە نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي يالغۇزچىلىقتا زېرىكىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى بالىلارنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىماي ئايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ مەھەللىسىدىكى بالىلارنى ھەرقانچە توۋلىسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئانچە ـ مۇنچە قاراپ قويۇپلا جاۋاب بەرمەپتۇ. ئاي بالا ئەمدى يەرگە چۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ يىغلايدىغان بوپتۇ. يىغلاۋېرىپ يۈزلىرى مەينەتلىشىپ داغ بولۇپ كېتىپتۇ. بەزىدە ئورۇقلاپ ھىلال ئاي بالىغا ئايلىنىپتۇ. بەزىدە ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ 15 كۈن يىغلايدىكەن، يەنە تالاغا چىقىپ 15 كۈنگىچە يەرگە قاراپ ھەسرەت بىلەن ياش تۆكىدىكەن.



# ئات، ئىت، خوراز







بىر كۈنى ئات، ئىت، خوراز بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار سەپەر داۋامىدا ئۆزلىرىنى ماختاپ، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلماپتۇ.

ئىت كۆرەڭلىگەن هالدا:

—ئادەملەر مېنى ۋاپادار، باتۇر دەپ ماختايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئوغرىدىن ساقلايمەن. پۇراش سەزگۈم ناهايىتى يۇقىرى، مەن خىلمۇخىل پۇراقلارنى پەرقلەندۈرەلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر ماهىر ئوۋچى، —دەپتۇ.

—مەنچۇ هەممىڭلاردىن بۇرۇن ئويغىنىمەن. مەن چىللاپ ئويغاتمىسام سىلەر خورۇلداپ ئۇخلاۋېرىسىلەر، يەنە...

ئات خورازنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپتۇ:

—هەي، سىلەر مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر،سىلەر مەندەك تېز چاپالامسىلەر؟ سىلەر ئادەملەرنى كۆتۈرۈپ ماڭالامسىلەر؟...

ئۇلار ئەنە شۇنداق ماختىنىپ كېتىۋاتقاندا، بىر ۋەهشىي بۆرە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. بۇ چاغدا ئىت دەرهال ئالدىغا چىقىپ بۆرە بىلەن ئېلىشىپ،





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئات بىلەن خورازنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىت تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ.

كەچ بولغاندا، ئۇلار بىر جىرا ئىچىدە قونۇپتۇ. خوراز تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چىللاپ، ئات بىلەن ئىتنى ئويغىتىپتۇ. شۇ چاغدا ئىتتىن دەككىسىنى يەپ قېچىپ كەتكەن بۆرە بىر مۇنچە دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانىكەن. ئات ئىت بىلەن خورازنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ناھايىتى تېز چېپىپتۇ. بۆرىلەر ئۇلارغا يېتىشەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقىمىز بار ئىكەن، دەپ ئېتىراپ قىلىشىپتۇ.



# ھايۋانلار ئومۇمىي خورى



يېتىپ كەلگەچ ھايۋانلارنىڭ
ئورتاق بايرىمى،
ھەممە يەردە كۆۋەجەپتۇ
شادلىق قاينىمى.
بۇ بايرامدىن ئالماق بولۇپ،
ئۇلار تەك ھۇزۇر،
جەم بولۇشۇپ ئىيتىماق بوپتۇ
بىر ئومۇمىي خور.
يېتىپ كەپتۇ بۇغا، مايمۇن،
توشقان، قىرغاۋۇل،
ئاۋازىنى شوخ ياڭرىتىپ
تورغاي ۋە بۇلبۇل.
دىرىژورىكەن ئومۇمىي خورغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېگىز زىراپە،
زىراپىنى ھۆرمەتلىگەچ
بۇ يەردە ھەممە.
تاللىماق بوپ خورغا ئۇلار
ئوبدان بىر ناخشا،
تالىشىپتۇ كېلىشەلمەي
قايناپ بىر ھازا.
يولۋاس دەپتۇ: «مېنىڭ ناخشام
ھەممىدىن ياڭراق،
تېخىمۇ بەك ياڭراپ كېتەر،
بىرلىشىپ ئېيتساق».
شىرمۇ دەپتۇ: «مېنىڭ ناخشام
ھەممىدىن بەلەن،
ئۇنى بىللە ئېيتاي بوگۈن
دوستلىرىم بىلەن».
پىلمۇ دەپتۇ: «ئېيتىڭلارچۇ،
مېنىڭ ناخشامنى!
جانلاندۇرار ئۇنى ئېيتساق
بۇ چوڭ بايرامنى».
بۇلبۇل دەپتۇ: «مېنىڭ ناخشام

ئېسىل، يېقىملىق،
مېنىڭ ناخشام ئومۇمي خورغا
كېلەر بەك لايىق».
ئەنە شۇنداق تالاش ـ تارتىش
قايناپتۇ قىزىپ،
زىراپىمۇ باشقۇرالماي
دەپتۇ تېرىكىپ:
«بولدى، بولدى، مەنمۇ ئەمدى
بولماي دىرىژور،
بۇنداق قىلساق ئېيتالمايمىز
بىز ئومۇمي خور».
شۇنىڭ بىلەن ھايۋانلارمۇ
تارقاپ كېتىپتۇ،
ھەممىسى ئۆز ناخشىسىنى
ماختاپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# تۈلكە بىلەن كىرپە

تۈلكە بىلەن كىرپە قېرى توغراقنىڭ تۈۋىدە يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كىرپىجان، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپسەنغۇ؟— دەپتۇ تۈلكە مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام تۈلكىباي، زېرىكىپ، ئايلىنىپ چىققانىدىم.

—مەنمۇ زېرىكىپ چىققان، بىردەم پاراڭلاشمايلىمۇ!

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، تۈلكە كىرپىنى مازاق قىلىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

—ھەي، كىرپىجان، يەنە مۇشۇ تىكەنلىك چاپاننى كىيىپ يۈردۈڭمۇ؟ ساڭا ئۇنىڭدىن باشقا چاپان تېپىلمىدىمۇ، ھازىر سەن بىلەن بىللە تۇرۇشتىنمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن. نېمىشقا مېنىڭدەك يۇمشاق، چىرايلىق چاپانلارنى كىيىشنى بىلمەيدىغانسەن؟

شۇ چاغدا «پاك!» قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، تۈلكە ئوڭدىسىغا چۈشۈپتۇ. كىرپە چاققانلىق بىلەن قېرى توغراقنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. ئىككى ئوۋچى يۈگۈرۈپ كېلىپ، تۈلكىنى تۇلۇمچىلاپ سويغاندىن كېيىن ماختاپ كېتىپتۇ.

ـــ پاھ - پاھ، بۇ تۈلكىنىڭ تېرىسى ھەقىقەتەن ئېسىلكەن، بۇنىڭدىن چىرايلىق بىر تۇماق تىكتۈرۈۋالدىغان بولدۇم.

ـــ تۇماقىنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ؟ مەن ئۇنىڭدىن بىر ياقىلىق قىلدۇراي دېگەن، ـــ دەپتۇ يەنە بىر ئوۋچى تۈلكىنىڭ تېرىسىگە قىيمىغاندەك.

ئۆز - ئۆزۈڭنى قىلمىغىن كۆز - كۆز،
ئەسقاتمايدۇ يالتىراق زىننەت.
بەزى چاغدا تاشقى قىياپەت،
ساڭا ئېلىپ كېلىدۇ ئاپەت.



# دوپپا بىلەن تۇماق



دوپپا تۇماقنى پەقەت كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئۇلار بىر يەرگە كەلسىلا دوپپا تۇماقنى ئەيىبلەپ:

—سەن ئۆزۈڭچە مەنمۇ باش كىيىمى، ئىككىمىز ئوخشاش دەپ يېنىمغا كېلىۋالدىكەنسەن، بىلىپ قويغىن، سەن سېسىق تېرىدىن پەيدا بولغان. مەنچۇ، مەن دېگەن قولى گۈل قىزلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى. سەن مېنىڭ ئالدىمدا خۇددى ئەسكى - تۈسكىدەك كۆرۈنىسەن. مېنىڭ گۈلۈم ۋە رەڭگىمنى ھەممە ماختايدۇ. ئەڭ يېقىن دوستلارغا قىممەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىنىمەن. سېنى ھېچكىم مېنى ئەتىۋارلىغاندەك ئەتىۋارلاپ كىيمەيدۇ، — دەپتۇ. دوپپىنىڭ ۋاتىلداشلىرىدىن بىزار بولغان تۇماق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ.

قىش كەپتۇ. ھەممە يەرنى ئاپئاق قار قاپلاپ، سوغۇق شامال ھۇۋلاپتۇ. ئۆزىنى ماختىغان دوپپىنىڭ ئورنى ئىلغىدا بولۇپ قاپتۇ. دوپپا كۆزگە ئىلمىغان تۇماقنى ھەممەيلەن ئەتىۋارلاپ كىيىشكە باشلاپتۇ.

سەندە بار خىسلەتلەر ئۆزگىدىمۇ بار،

كۈلكىگە قالمىغىن، قىلماي ئېتىبار.

# ئەينەكنىڭ ئاقىۋىتى



ئەينەك ئۆزىنىڭ پارقىراق، سۈزۈكلۈكىگە ئىشىنىپ تاشنى ياراتمايدىكەن. ئۇ دائىم ئۆزىنى ماختاپ:«ھەي تاش، سەن نېمانچە سەت؟ يېنىڭدا تۇرۇشتىنمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن. مەن دېگەن چىرايلىق، كۆندۈزى قۇياشتەك نۇر چاچىمەن، كېچىسى ئايدەك نۇرلىنىمەن» دەيدىكەن. تاش يەنىلا ئارتۇق گەپ قىلماي ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدىكەن.

—ھەي، سېنىڭ باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟ نېمانچە ئۆزۈڭنى سورىمايسەن؟ مەن سەن بىلەن ئويناشنى خالىمايمەن، —دەپتۇ بىر كۈنى ئەينەك. ئۇنىڭ سۆزىدىن ئازراق خاپا بولغان تاش ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

—ئەينەك دوستۇم، سەن ھەقىقەتەن سۈزۈك ۋە پارقىراق، سېنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىڭ بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىڭ بار. مېنىڭ يېتەرسىزلىكىم كۆپ بولسىمۇ، ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقلىرىم

www.uyghurkitap.com



بار. شۇڭا، مېنى ئەيىبلەۋەرمىگىن.

— نېمە؟! — تاشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەينەك تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىپتۇ:

سەندە ئارتۇقچىلىق نېمە قىلىدۇ؟ نوچى بولساڭ مەندىن ئېشىپ چۈشكۈدەك بىرەر ئارتۇقچىلىقىڭنى دەپ باقە؟

— ماقۇل، دېسەم دەي، باشقىسىنى دېمىسەممۇ مەن سەندىن مەزمۇت، — دەپتۇ تاش سالماقلىق بىلەن.

— سەن ئۆزۈڭنى بەك مەزمۇت چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ قاراپ تۇر، سېنى ئۇرۇپ پارە-پارە قىلىۋەتمەيدىغان بولسام!

ئەينەك شۇنداق دەپلا تاشقا ئېتىلغانىكەن، ئۆزى سۇنۇپ پارە-پارە بولۇپ كېتىپتۇ.



# چۈمۈلىگە تامچا سۇمۇ دەريا كۆرۈنەر



چۈمۈلە تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، باياۋاندىكى قېرى توغراقنىڭ يېنىدىكى ئۇۋىسىدىن چىقىپ، يەنە بىر كۈنلۈك پائالىيىتىنى باشلىۋېتىپتۇ. ئۇ قېرى توغراقتىن ئەگىپ ئۆتۈۋېتىپ توغراقنىڭ غولىدىن سىرغىپ، يەردىكى غازاڭنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بىر تامچە سۇنى كۆرۈپتۇ. ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان تامچە سۇ چۈمۈلىگە دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريادەك كۆرۈنۈپتۇ. «تۈنۈگۈن تېخى بۇ يەردە دەريا يوق ئىدى. بۈگۈن ھەيۋەتلىك دەريا پەيدا بولۇپ قاپتىغۇ!» چۈمۈلە غودۇڭشىغىنچە كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا شۇ توغراقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا ئىككى تۆگە توغراقنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆزلىشىپ قاپتۇ:

—ھەي، نېمانچە تۈگمەس باياۋان بۇ؟ لوكىلىرىمىزدىكى سۈيىمىزمۇ تۈگەي دەپ قالدى، بۈگۈن سۇ بار يەرنى تېپىۋالمىساق تۈگەشكىنىمىز شۇ، —دەپتۇ بوي- بەستى يوغانراق تۆگە ۋىجىكرەك تۆگىگە.

—شۇ ئەمەسمۇ، مەن ھازىرمۇ پەقەت بولالمايۋاتىمەن، تېزرەك سۇ تاپساق بولاتتى، — ۋىجىك تۆگە بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىنى كېرىپ بىچارىلەرچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خارىلداپتۇ. ئىككى تۆگىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان چۈمۈلە ھەيران قاپتۇ: «مەن بايىلا بىر دەريانى كۆرگەن تۇرسام، بۇلار نېمىشقا كۆرمىگەندۇ؟ بۇلارنىڭ كۆزى قارىغۇ ئەمەستۇ؟ ئۇلارغا دەريانى كۆرسىتىپ قويسام بولغۇدەك».

چۈمۈلە شۇنداق ئويلاپ تۆگىلەرگە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

—ھەي تۆگىلەر، ئاۋۇ يەردە دەريا بار، مەن سىلەرنى باشلاپ باراي.

تۆگىلەر چۈمۈلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ-دە، چۈمۈلىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. بىراق چۈمۈلە ھەرقانچە ئىزدەپمۇ بايىقى «ھەيۋەتلىك دەريا»نى تاپالماپتۇ. تەشنالىقىمىزنى تازا قاندۇرۇۋالىدىغان بولدۇق، دەپ خۇشال بولغان تۆگىلەر چۈمۈلىگە: «بىزنى ئەخمەق قىپسەن!» دەپ كايىپ كېتىپتۇ. بىچارە چۈمۈلە قەسەم ئىچىپمۇ تۆگىلەرنى گېپىگە ئىشەندۈرەلمەپتۇ.

«چۈمۈلىگە تامچە سۇمۇ دەريا كۆرۈنەر» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# نوچى چاشقان



جۇغى ئادەتتىكى چاشقانلاردىنمۇ كىچىك، كالتە قۇيرۇق بىر چاشقان بولۇپ، ھالىغا باقماي پو ئېتىشقا ئامراقكەن. ئۇ دوستلىرىنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، مۈشۈكنىڭ ئالدىدىمۇ پو ئاتىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ تۆشۈكىدىن بېشىنى چىقىرىپ مۈشۈكنى چاقىرىپتۇ:

— ھەي پالكۆز، سەن ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ ئۆلگۈڭ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

چاشقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۈشۈك ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— نوچى بولساڭ تۆشۈكۈڭدىن چىقمامسەن؟

— نېمە دەپ تۆشۈكۈمدىن چىققۇدەكمەن، سەن مېنىڭ تۆشۈكۈمگە كىرەلەمسەن، ئەگەر سەن مېنىڭ تۆشۈكۈمگە كىرەلىسەڭ، سېنى نوچى دەيمەن.

مۈشۈك ئاچچىقتىن مياڭلاپ كېتىپتۇ. چاشقانمۇ تۆشۈكىدىن چىقماي مۈشۈكنى تېرىكتۈرۈپ ئويناپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com






قۇرتلار شاھى بۈگۈن يەنە تېرىكىپ قالدى. ئۇ ئورمانلىقتىكى بارلىق قۇرتلارنى يىغىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— ئورمانلىقىمىز ئەزەلدىن قۇشسىز ئورمان ئىدى. شۇڭا بىز بۇ ئورمانلىقىمىزدىن پەخىرلىنەتتۇق، كۈنلىرىمىز شادلىقتا ئۆتەتتى. يېقىندىن بېرى ۋالاقتەگكۈر سېغىزخان ئورمانلىقىمىزغا كېلىپ، بىزنى چوقۇلاپ، پۈتۈن-پۈتۈن يۇتۇۋېتىپ باردۇ. شۇڭا ۋەزىر قۇرتلارنىڭ ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىشقا باش قاتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. باشقىلارمۇ سېغىزخاننى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر بۇ سېغىزخان كۆپىيىپ كېتىدىغان بولسا، بىز بۇ ئورمانلىقتا ھەرگىزمۇ خاتىرجەم ياشىيالمايمىز.

قۇرت شاھىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، قۇرتلار قانداق قىلغاندا، سېغىزخاننى يوقاتقىلى بولىدۇ، دېگەن تېمىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپتۇ.

ئۆزىنى ھەممىدىن ئەقىللىق چاغلايدىغان ئوڭ قول ۋەزىر قۇرت ئۇيان-بۇيانغا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، ئاشۇ سېغىزخان بىلەن بىر پاراڭلىشىپ:«سەن بىزگە زىياد-
كەشلىك قىلما، بىز ساڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان» دەپ باقمايمىزمۇ؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ،

— ئەمىسە شۇ گەپنى سېغىزخانغا سەن دەمسەن؟

شۇ چاغدا قاياقتىندۇر سېغىزخان شاراقشىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن قۇرت-
لارنىڭ ھەممىسى تۆشۈك ـ تۆشۈكلەرگە كىرىپ كېتىپتۇ.

باتۇرلۇق ھەققىدە سۆزلىمەك ئاسان،
باتۇردىن سۆزمەنلەر كۆپتۇر ھەرقاچان.
پۇتمەيدۇ ئىش دېگەن قۇرۇق گەپ بىلەن،
ھاياتتا كۆپ بىزگە سىناق، ئىمتىھان.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئالا موزاي تۇلپار بولماس



ئالا موزاي تۇغۇلۇپ بىرنەچچە ئاي بولا ـ بولماي، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قاشقىلىقى، تۈكلىرىنىڭ پارقىراقلىقى ۋە تېز يۈگۈرىدىغانلىقىدىن بەك پەخىرلىنىدىكەن. ئۇ مومىسىدىن تۇلپارلار ھەققىدە كۆپ ھېكايە ئاڭلىغانىكەن. مومىسى ئۇنىڭغا:«تۇلپار دېگەن ناھايىتى تېز چاپىدۇ، خالىسا قانات چىقىرىپ ئۇچىدۇ» دەپ بەرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ ئاپىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، چېپىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بەزىدە:«مېنى ھەممەيلەن ناھايىتى تېز چاپىدىكەن دەپ ماختاۋاتىدۇ. قارىغاندا، مەن تۇلپار ئوخشايمەن، راست، مەن چوقۇم تۇلپارنىڭ بالىسى، ئەگەر مەن كالىنىڭ بالىسى بولسام، نېمىشقا مۈڭگۈزۈم يوق؟ نېمىشقا ئاپام بىلەن دادام مەندەك تېز چاپالمايدۇ؟ توغرا، مەن تۇلپار، ئەمدى مەن بۇ مۈڭگۈزلۈكلەر بىلەن بىللە تۇرماي، ئۆز ئاتا ـ ئانامنى تېپىشىم كېرەك» دەپ ئويلايدىكەن. ئالا موزاي بۇ ئويىنى ئاپىسىغا دېگەنىكەن، ئاپىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

ــ موماڭ ساڭا قالايمىقان چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، بېشىڭنى

ئايلاندۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ، يوقىلاڭ خىياللارنى قىلماي، ئويۇنۇڭنى ئوينا!

ئالا موزاي ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ:

— ھە، ئەمدى بىلدىم، سىلەر مېنى ئۆز ئانام تۇلپارنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلاپ كەپتىكەنسىلەر ـ دە، سىلەر ئوغرى بولمىساڭلار نېمىشقا مېنى تۇلپار ئانامغا قايتۇرۇپ بەرمەيسىلەر؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئالا موزاي غوتۇلداپلا يۈرىدىغان، نەگىلا بارسا «مەن تۇلپار» دەپ داۋراڭ سالىدىغان بوپتۇ. ئارىدىن يەنە نەچچە ئاي ئۆتۈپتۇ. موزاي يوغىناپ، كېلەڭسىزلىشىپ كېتىپتۇ. ئالا موزاينى ئەڭ ھەسرەتكە قالدۇرغىنى ئۇنىڭ چوققىسىدىن بىر جۈپ مۈڭگۈز تېشىپ چىقىپتۇ.

«ئالا موزاي تۇلپار بولماس» دېگەن گەپ ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



# شىرزات بىلەن ئىلزات

بۇرۇنقى زاماندا شىرزات ئىسىملىك ناھايىتى ئەدەپلىك، يېقىملىق سۆزلەيدىغان بىر بالا بولغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ تاغدا قوي بېقىۋېتىپ قوش مۈشتەك بىر قارا تاشقا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. تاش ئۇنىڭ باشمالتىقىنى قانىتىۋېتىپتۇ. ئەدەپ بىلەن سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن شىرزات پۇتىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي قارا تاشقا:

—كەچۈرگىن، مەن ئېھتىياتسىزلىقتىن سېنى تېپىۋەتتىم. ئەسلىدە مېنىڭ ئۇنداق نىيىتىم يوق ئىدى، رەنجىمىگىن! — دەپتۇ. شىرزاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قارا تاش زۇۋانغا كەپتۇ:

—سەن ھەقىقەتەن ياخشى بالا ئىكەنسەن، مۇشۇ سايدا تۇرۇۋاتقىنىمغا نەچچە يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، بىرەر ئىنساننىڭ مەندىن ئەپۇ سورىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم، شۇڭا ساڭا...

قارا تاشنىڭ گېپى ئاياغلاشمايلا، ئۇ يېرىلىپ ئىچىدىن چاقناپ تۇرغان،

توخۇ تۇخۇمچىلىك گۆھەر چىقىپتۇ. شىرزات گۆھەرنى ئېلىپ قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسى باي بولۇپ كېتىپتۇ.

شىرزاتنىڭ ئىلزات ئىسىملىك يېقىن دوستى بولۇپ، ئۇ شىرزاتتىن گۆھەرنى قانداق تاپقانلىقىنى سوراپتۇ. شىرزات بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئىلزات ھېلىقى سايلىققا بېرىپ گۆھەر ئىزدەپتۇ. بىراق ئۇ ھېچنەرسە تاپالماپتۇ. ئۇ سايلىقتىكى بىر قارا تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى غەزەپ بىلەن تىللاپتۇ:

— ھەرقايسىڭ شىرزاتقا گۆھەرنى بېرىشىپسەن، نېمە دەپ ماڭا بېرىشمەيسەن؟ قۇربىم يەتكەن بولسا، مەن سەنلەرنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتەتتىم. شۇڭلاشقىمۇ ھەرقايسىڭنىڭ تېزەكچىلىك قەدرى يوق...

شۇ چاغدا بىر تاش يېرىلىپتۇ - دە، ئىچىدىن بىر چار يىلان چىقىپ ئىلزاتنى قوغلاپ كېتىپتۇ.

سەممىي، ئاق كۆڭۈل بولساڭ سەن ئەگەر،
جەزىرە ۋە چۆللەرمۇ سەن ئۈچۈن شەھەر.
پاك تۇتساڭ قەلبىڭنى بۇ ھاياتىڭدا،
يار بولۇر ھەرچاغدا ساڭا نۇر، گۆھەر.

uyghurkitap.com



# تۈلكە بىلەن تۆگە



تۈلكە بىر چاغ ئويناپ بولۇپ
دەريا بويىدا.
بولۇپ قاپتۇ شۇ دەريادىن
ئۆتمەك كويىدا.
بىراق دەريا سۇيى دائىم
دولقۇنلاپ ھەيۋەت.
تۈلكىجاننىڭ ئۆتۈشكە
بەرمەپتۇ پۇرسەت.
شۇڭا تۈلكە ئازاب بىلەن
چېكىپتۇ ھەسرەت:
«بۇ دەريادىن ئۆتەلمىسەم،

بولمامدۇ بەك سەت».
شۇ ئەسنادا ئۆتۈپ كەپتۇ
دەريادىن تۆگە.
بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ،
كۈلۈپتۇ تۈلكە.
«سالام ئاكا، بۇ دەريادىن
ئۆتتۈڭ سەن قانداق؟
بۇ دەريادىن قاناتسىزلار
ئۆتمىگەن ھېچۋاق.
بۇ دەريادىن ئۆتكىنىڭگە
ھېچ ئىشەنمەيمەن.
ئۆتكەن بولساڭ سېنى چوقۇم
سۇمۇرغ دەيمەن».
بۇ گەپلەردىن تۆگە بىرئاز
قاپتۇ كۆرەڭلەپ.
مەغرۇرلىنىپ سۆزلەپتۇ ئۇ
تۈلكىنى سەنلەپ:
«قارىغۇمۇ سەن، بۇ دەريادىن
ئۆتتۇمغۇ بايا.
پېقىر ئۈچۈن نېمە ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇنچىلىك دەريا.
راست گەپ قىلسام ھېساب ئەمەس
ئۇچۇپ ئۆتكىنى،
بارمۇ قېنى، ماڭا ئوخشاش
كېچىپ ئۆتكىنى؟»
دەپتۇ تۆلكە:«مۇشۇ ئىشقا
شۇنچە قايىنامسەن؟
نوچى بولساڭ مېنى يۇدۇپ
ئۆتۈپ باقامسەن؟»
ماقۇل بوپتۇ ئەخمەق تۆگە
تۆلكە سۆزىگە.
تۆلكىجانمۇ مىنىۋاپتۇ
ئۇنىڭ ئۇستىگە.
شۇنداق قىلىپ ئۆتۈۋاپتۇ
تۆلكە دەريادىن.
ھۇزۇر ئېلىپ ئويناپتۇ ئۇ،
يېڭى دۇنيادىن.

# ئاق ئوغلاق بىلەن قوڭغۇراق





ئاق ئوغلاق تولىمۇ كەپسىز، شوخ بولغاچقا، بىردەممۇ جىم تۇرالمايدىكەن. ئانىسى يېنىدا يوق چاغلاردا بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە كېتىۋېرىدىكەن. بىرنەچچە قېتىم ئۇ يۇلغۇن، چاتقاللىق ئارىسىدىن ئۇزۇنغىچە چىقمىغاچقا، ئانا ئۆچكە ئۇنى ئىزدەپ بەك ئاۋارە بوپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئانا ئۆچكە ئاق ئوغلاققا بىر قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇپتۇ. قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ناھايىتى زىل ۋە ياڭراق بولغاچقا، خېلى يىراقتىن ئاڭلىنغىلى بولىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئانا ئۆچكە ئاق ئوغلىقىنى ئاسانلا تېپىۋالىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئاق ئوغلاق يۇلغۇنلۇق ئارىسىدا ئويناۋاتسا، بىر تۈلكە ئۇچراپ قاپتۇ. تۈلكە مۇلايىملىق بىلەن:

— ھەي ئاق ئوغلاق، قوڭغۇرىقىڭ نېمانچە چىرايلىق؟ — دەپتۇ.

— ھە، بۇ قوڭغۇرىقىمغا كۆزىڭىز چۈشكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئاۋازى بەك ياڭراق، رەڭگى ئالتۇندەك پارقىراق ئىكەن، — دەپتۇ تۈلكە مۇغەمبەرلىك بىلەن تۇمشۇقلىرىنى يالاپ، — بۇ قوڭغۇراقنى نېمە قىلىسەن؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



—بۇنى ئانام مېنى تاپالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئېسىپ قويغان. بۇرۇن ئەركىن ئوينايتتىم، ھازىر ئانام مېنى بىردەمدىلا تېپىۋېلىپ قانغۇدەك ئوينىيالمايدىغان بولدۇم، — دەپتۇ ئاق ئوغلاق.

—بۇ يەردە ئوينايدىغان نېمە بار؟ كەينىمدىن ماڭ، مەن سېنى قان-غۇدەك ئوينايدىغان يەرگە ئاپىراي.

ئويۇنچى ئاق ئوغلاق ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قاپتۇ ۋە ئارتۇقچە ئويلانمايلا، تۈلكىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تۈلكە ئاق ئوغلاقنى ئالداپ يۇلغۇنلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ، ئۇنى بۆرىگە تۇتۇپ بېرىپتۇ. بۆرە تۈلكىنى تازا ماختاپتۇ، ئاندىن ئۇلار ئاق ئوغلاقنى مەززىلىك بىر ۋاخ تاماق قىلىپ يەۋەتكەندىن كېيىن، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقىنىچە چاتقاللىق ئارىسىغا مۆكۈپ تۇرۇپتۇ. ئاق ئوغلاقنى ئىزدەپ كەلگەن ئانا ئۆچكىمۇ ئۇلارغا يەم بوپتۇ.



# يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار



ئاق قۇ بالىسى كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقلار ئارىسىدا ئويناپ يۈرسە، بىر قاغا ئۇچراپ قاپتۇ. قاغا ئاق قۇنى ئەخمەق قىلماقچى بوپتۇ:

—ھەي، ئاق قۇجان، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەن؟ بۈركۈت پادىشاھ بارلىق ئاق قۇلارنى ئۆلتۈرمەن دەپ ھەممە يەرنى قىدىرىپ يۈرىدۇ. ھازىرلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن.

بۇنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتكەن ئاق قۇ:

—ئەمدى مەن قانداق قىلسام بولار! — دېگىنىچە يىغلىۋېتىپتۇ.

—ھەي ئەخمەق، ئاۋازىڭنى چىقارما، مەن بۇ يەرگە سېنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم. سېنىڭ ئاتا بوۋاڭ ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرمىسام قانداق بولىدۇ؟

—مېنى قانداق قۇتقۇزىسىز؟ بۈركۈت دېگەن يامان تۇرسا...

ئاق قۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان قاغا بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

—مەن سېنى بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ ئۆزۈمنىڭ بالىسى دەپ يوشۇرۇپ

قوياي، ــ دەپتۇ.

ئاق قۇ قاغىنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قاغا قولىغا موي قەلەمنى ئېلىپ ئاق قۇنى قارا سىياھ بىلەن بوياپ قاغىغىلا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ:

ــ ئەمدى سەن مەن قاغا دەپ خالىغان يەرگە بېرىپ ئويناۋەرگىن، ــ دەپتۇ. ئاق قۇ قاغىغا رەھمەت ئېيتىپ قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. قاغىمۇ ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ قاقىلداپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە بۈركۈت قاغىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتقانىكەن. بۈركۈتنىڭ لەشكەرلىرى ئاق قۇنى قاغىكەن دەپ تۇتۇپ بۈركۈتنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

ــ ھەي، مەن سىلەرنى قاغىنى تۇتۇپ كېلىڭلار دېسەم، كىمنى تۇتۇپ كەلدىڭلار؟ ــ دەپتۇ بۈركۈت پادىشاھ ئۇستۇبېشى قاپقارا بولۇپ كەتكەن ئاق قۇنى تونۇۋېلىپ.

ــ شاھ ئالىيلىرى، بۇ قاغا بولماي نېمە؟ ئىشەنمىسىلە ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا!

ــ سەن كىم؟

ــ مەن قاغا.

بۈركۈت پادىشاھ ئاق قۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

ــ ھەي، ئاقنانچىلار، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ بۈركۈت پادىشاھ لەشكەرلىرىگە، ــ سىلەر مۇشۇ كىچىك بالىنىڭ سۆزىگە ئىشەندىڭلارمۇ؟ ئۇ قاغا ئەمەس، ئاق قۇ. ئۇنىڭ ئۇستۇبېشىنى يۇيۇڭلار!

لەشكەرلەر ئاق قۇنى يۇيغانىكەن، ئۇنىڭ ئاپئاق پەي ـ قاناتلىرى

ئەسلىگە كەپتۇ.

ــ هەي، سەن قاغىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكىلى تاس قاپسەن. بۇ-نىڭدىن كېيىن دىققەت قىل! ــ دەپتۇ بۇركۇت پادىشاھ ئاق قۇنىڭ چۈشەن-دۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ.

ئاق قۇ بۇركۇت پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. «يا-مانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



# ئېيىق بىلەن بېلىق



ئېيىق بېلىق يېيىشكە ئامراق بولغاچقا، كۆل بويىغا كېلىپ بېلىق تۇتماقچى بوپتۇ. ئۇ كۆلگە چۈشۈپ ھەرقانچە ھەپىلەشسىمۇ بىر تال بېلىق تۇتالماپتۇ. قورسقى ئېچىپ كەتكەن ئېيىق قارماق بىلەن بىرمۇنچە بېلىق تۇتقان بېلىقچىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ـ دە، بېلىقچىدىن سوراپتۇ:

ــ ھەي، سەن بېلىقنى قانداق تۇتۇۋاتىسەن؟

ــ ماۋۇ قارماق بىلەن.

ــ ماڭىمۇ بىر قارماق بەرسەڭ بوپتىكەن.

بېلىقچى ئېيىققا بىر قارماق بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق كۆلنىڭ نېرىسىغا بېرىپ قارماقنى كۆلگە تاشلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قارمىقىغا بېلىق ئىلىنماپتۇ. ئېيىق بېلىقچىغا قارىسا ھەريوغان بېلىقلارنى تۇتۇۋاتقۇدەك. قورسقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن ئېيىق «بېلىقچى ماڭا قاملاشمىغان قارماقنى بېرىپتۇ ـ دە» دەپ ئويلاپ بېلىقچىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ:

—سەن ماڭا بېلىق تۇتقىلى بولمايدىغان قارماقنى بېرىپسەن. سېنىڭ قارمىقىڭغا شۇنچە كۆپ بېلىقلار ئىلىنىپتۇ. مېنىڭكىگە نېمىشقا ئىلىنمايدۇ؟

—مەن ساڭا قارماقنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى بەردىمغۇ؟

ئېيىق بېلىقچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي ئۇنىڭ قولىدىكى قارماقنى ئېلىۋاپتۇ. ئېيىق قارماقنى ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، يەنە بېلىق تۇتالماپتۇ. بېلىقچى بولسا، بۇرۇنقىدەكلا بېلىق تۇتۇۋېرىپتۇ. ئەسلىدە ئېيىق قارماققا يەمچۈك ئىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن. يەمچۈكسىز قارماققا ئىلىنىدىغان ئەخمەق بېلىق نەدە بار دەيسىز!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







# كۆكۈيۈن ۋە قۇيرۇق

كۆكۈيۈن قۇيرۇقى بار ھايۋانلار بىلەن قۇشلارنى كۆرۈپ «بۇلار قۇيرۇقنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ؟ قۇيرۇق دېگەن ئارتۇقچە يۈكقۇ، ئۇلار ئاشۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈۋېلىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئالدىغا مايمۇنجان ئۇچراپتۇ. مايمۇنجاننىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقىنى كۆرگەن كۆكۈيۈن ئۇنىڭدىن:

— ھەي، مايمۇنجان، ئۆزۈڭ شۇنچە چىرايلىق ۋە چاققان تۇرۇپ نېمىشقا كېلەڭسىز قۇيرۇقۇڭنى سۆرەپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. مايمۇنجان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ:

— ھەي، كۆكۈيۈن، مەن ساڭا قۇيرۇقۇمنىڭ خاسىيىتىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. قۇيرۇقۇمنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىمنى بىلمەكچى بولساڭ، سەنمۇ مايمۇن بولۇپ باق، — دەپتۇ. كۆكۈيۈن مايمۇنجاننىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەندەك گاڭگىرىغىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

كۆكۆيۈن ئورمانلىقتا ئايلىنىپ يۈرگەن يولۋاسنىڭ قۇلىقىغا قونۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— هەي يولۋاسباي، سەن هايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولغاندىكىن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بارلىق هايۋانلارنىڭ قۇيرۇقىنى يوق قىلىۋەتسەڭ بولمامدۇ! سېنىڭ قۇيرۇقۇڭمۇ سالاپىتىڭگە پەقەت ماس كەلمەپتۇ. قاملاشمىغان قۇيرۇقنى پۇلاڭشىتىپ يۈرسەڭ سەت ئەمەسمۇ؟

كۆكۆيۈننىڭ سۆزىگە ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن يولۋاس ئالدىدا تۇرغان يوغان بىر چىنارنى قۇيرۇقى بىلەن ئۇرغانىكەن، چىنار خۇددى قىلىچ بىلەن كەسكەندەك چورتلا سۇنۇپ كېتىپتۇ. يولۋاسنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەنمىگەن كۆكۆيۈن ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

كۆكۆيۈن كۆك بۇقىنىڭ يانپېشىغا قونۇپ يەنە ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى مازاق قىلىشقا باشلاپتۇ. كۆك بۇقا كۆكۆيۈننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ئوقۇرغا بېشىنى تىقىپ ھەلەپنى يەۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا كۆكۆيۈن ئۇنىڭ يانپېشىنى چېقىۋاپتۇ. كۆك بۇقا قۇيرۇقى بىلەن كۆكۆيۈننى بىرنى ئۇرغانىكەن، كۆكۆيۈن تىن تارتماي جان بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھەرىلەر بىلەن قوزىچاق



قوزىچاق گۈل ـ چېچەك ۋە يۇمران چۆپلەر بىلەن تولغان ئوتلاقتا يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرسە، گۈل شىرنىلىرىنى يىغىۋاتقان بىر توپ ھەرىلەر كېلىپ قوزىچاققا سالام قىپتۇ:

— سالام، قوزىچاق ھەدە، بىز سىز بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى بەك ئارزۇ قىلاتتۇق. بىز سىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىيلىكىڭىزنى ئاڭلىغان.

قوزىچاق ھەرىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— سىلەر بىلەن قانداق دوست بولالايمەن؟ سىلەردىن ماڭا نېمە پايدا تېگەتتى؟ سىلەر مېنى نەچچە قېتىم چېقىۋالغان. ھەرگىزمۇ سىلەر بىلەن دوست بولمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىلەرگە ئوخشاش گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ ئۇچۇپ يۈرەلمىسەم، يا سىلەر ماڭا ئوخشاش يەرگە چۈشۈپ تاق-لاپ ـ سەكرەپ يۈرەلمىسەڭلار.

ھەرىلەر ھەرقانچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، قوزىچاق ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى خالىماپتۇ. كۆڭلى يېرىم بولغان ھەرىلەر: «قوزىچاقنى ھەممەيلەن ئاق كۆڭۈل، سەممىي دەۋاتاتتى. ئەجەب بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى-غۇ» دەپ گاڭگىرىغىنىچە يوللىرىغا راۋان بوپتۇ. قوزىچاق ھەرىلەردىن قو-

تۇلۇپ قۇلىقىنىڭ ئارام تاپقىنىغا خۇشال بولۇپ، ئوتلاقتا سەكرەپ ئويناشقا باشلاپتۇ. قوزىچاق يۇمران چۆپلەرنى يەپ، ئوتلاقنىڭ يېنىدىكى سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ قورسىقىنى تومپايتقاندىن كېيىن، ئۆيىگە كەتمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر چىلبۆرە پەيدا بوپتۇ. قورقۇپ كەتكەن قوزىچاق قاياققا قېچىشنى بىلمەي قاپتۇ.

— ھەي ئىنساپسىز، مېنىڭ تەۋەلىكىمگە كىرىپ چۆپ يەپ، سۈيۈمنى ئىچىپ، ماڭا ھەق بەرمەي كېتىشكە نومۇس قىلمامسەن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساڭا يول قويسام ئەجەب ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭغۇ، بۈگۈن سەن-دىن كونا - يېڭى ھېسابنى بىراق ئالىمەن.

قوزىچاق نېمە قىلارىنى بىلمەي دىر - دىر تىترىگىنىچە ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. قوزىچاق تىترەپ تۇرۇپ چىلبۆرىدىن سوراپتۇ:

— مەن... مەن بۇ يەرنىڭ سىلىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن. ئەمىسە مەن سىلىگە نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— ماڭا نېمە قىلىپ بېرەتتىڭ، جېنىڭنى بەرسەڭ بولىدى، — دەپلا قوزىچاققا ياۋۇزلارچە ئېتىلىپتۇ بۆرە. دەل شۇ چاغدا بىر توپ ھەرىلەر ئې-تىلىپ كېلىپ چىلبۆرىنى تۇشمۇتۇشتىن چېقىشقا باشلاپتۇ. ھەرىلەرنىڭ چې-قىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن چىلبۆرە قۇيرۇقىنى خادا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزىچاقنىڭ جېنى ئامان قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قوزىچاق ھەرىلەر بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈپتۇ.






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# ئانا قاغىنىڭ نەسىھىتى

تېرەككە قونۇۋالغان ئانا قاغا ئۆزىنىڭ توختىماي قاقىلداۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي بالىلىرىغا نەسىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

قاق، قاق، قاق!
قاقىلدىماڭلار ئۇنداق.
گەپ قىلماي جىم تۇرۇڭلار،
ماڭا ئوخشاش مۇنداق.

بىراق قاغا بالىلىرى ئانىسىنىڭ قاقىلداشلىرىغا جور بولۇپ قاقىلداۋېرىپتۇ. ئانا قاغىمۇ «قاقىلدىماڭلار» دېگىنىچە توختىماي قاقىلداپتۇ. شۇ چاغدا بىر قىرغاۋۇل ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ توختىماي قاقىلدىشىغا ھەيران قاپتۇ. ئۇ ئانا قاغىنىڭ «قاقىلدىماڭلار» دەپ تۇرۇپ توختىماي قاقىلداۋاتقانلىقىغا كۈلگۈسى كېلىپ:

— ھەي قاغا، سەن بالىلىرىڭغا «قاقىلدىماڭلار» دەپ، ئۆزۈڭ توختىماي قاقىلدىغىنىڭ نېمىسى، ئاۋۋال ئۆزۈڭ قاقىلدىماسلىقىڭ كېرەككۇ!

—دەپتۇ. ئانا قاغا قىرغاۋۇلنىڭ دېگىنى بويىچە ئاغزىنى يۇمغانىكەن، بالىلىرىمۇ شۇ ھامان توختاپتۇ.

قىلغۇچە سەن قۇرۇق نەسىھەت،
ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر ئۈلگە كۆرسەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۈشۈك، ئىت، مېكىيان



مۈشۈكنىڭ تۇخۇم ئوغرىلايدىغان ئادىتى بار ئىكەن. ئۇ يەنە تۇخۇم ئوغرىلاش ئۈچۈن كاتەكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مېكىيانغا ئۇچراپ قاپتۇ. مېكىيان بۇ ئوغرى مۈشۈكنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ سوراپتۇ:

— ھە، مۈشۈكجان، بۇياققا كېلىپ قاپسەنغۇ!

چۆچۈپ كەتكەن مۈشۈك ھودۇقۇپ كېتىپتۇ - دە، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ دەپتۇ:

— نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسەنغۇ، گەپ قىلمىسام مېنى بوزەك قىلماقچىمۇسەن؟

مېكىيان مۈشۈكنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي سوراپتۇ:

— مەن سېنى قانداق بوزەك قىپتىمەن؟

— سەن مېنىڭ تۇخۇملىرىمنى ئوغرىلاپ كاتىكىڭگە ئەكىرىۋاپسەن. سېنى باشقىلار تۇخۇم ئوغرىسى دېسە ئىشەنمەي يۈرۈپتىكەنمەن، بۈگۈن



مانا ئىشەندىم.

— توۋا دېگىنە، سېنىڭ تۇخۇمۇڭ بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ؟ بۇ كا-تەكتىكى تۇخۇملارنىڭ ھەممىسىنى مەن تۇغقان تۇرسام!

مېكىيانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۈشۈك تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىپتۇ:



— سەن تۇخۇم تۇغقان بولساڭ مەن تاش، داڭگال تۇغۇپتىمەن - دە، گەپ قىلمىسام سەن مېنى بەك بوزەك قىلىپ كەتتىڭ. خالايىق، ئاڭلىمىدىڭ دېمەڭلار، توخۇ مېنىڭ ھەممە تۇخۇمۇمنى ئوغرىلاپ كەتتى!

مۈشۈك شۇنداق دەپ تېخىمۇ سەت مىياڭلاپتۇ. مېكىيان مۈشۈكتىن تۇخۇم تالاشسا جېنىنىڭ ئامان قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ كاتەكتىكى تۇخۇ-لىرىنى ئامالسىز مۈشۈككە بېرىپتۇ. مۈشۈك تۇخۇملارنى سېۋەتكە سېلىپ خۇشال - خۇرام قايتىۋاتقاندا، ئىت كېلىپ قاپتۇ:

— ھە مۈشۈكجان، مېكىيانىنىڭ تۇخۇملىرىنى ئېلىپ نەگە ماڭدىڭ؟

— بۇ... بۇ دېگەن مېكىيانىنىڭ تۇخۇمى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ تۇخۇمى، ئۆيگە ئەكېتىۋاتىمەن.

— سېنىڭ تۇخۇمۇڭ توخۇنىڭ كاتىكىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ سەنمۇ تۇخۇم تۇغىدىغان بولۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— مەن بۇرۇندىنلا تۇخۇم تۇغىمەنغۇ!

مۈشۈكنىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەن ئىت مۈشۈككە ۋارقىراپتۇ:

— سەن تۇخۇم تۇغالامسەن؟ مەن ھازىردىن باشلاپ ئون كۈنگىچە











سېنىڭ بىلەن بىللە يۈرىمەن. ئەگەر ئۇن كۈنگىچە تۇخۇم تۇغالمىساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

قورقۇپ كەتكەن مۈشۈك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ سېۋەتتىگە سېلىپ ماڭغان تۇخۇملىرىغا يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، مۇغەمبەرلىك بىلەن:

— مېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىمدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئەمدى تۇخۇم تۇغالمايمەن. قانداق قىلارمەن! — دېگىنىچە سېۋەتنى تاشلاپ تىكىۋېتىپتۇ.



# ئىككى خوراز



توختىكامنىڭ ئىككى خورىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى چارخوراز، يەنە بىرى ئاق خوراز ئىكەن. ئۇلار ھەممە ئىشتا بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەچكە، دائىم ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن چوقۇشۇپ، سوقۇشۇپ قالىدىكەن. بۇ جېدەل - ماجىراغا ئاق خوراز سەۋەبچى بولىدىكەن.

ئاق خوراز چار خورازنى كۆزگە ئىلماي، مەن سەندىن ھەممە جەھەتتە ئۈستۈن، دەپ قوقۇقلايدىكەن. چار خورازنىڭ ئاۋازى زىل ۋە ياڭراق بولۇپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە چىللاپ توختىكاملارنى ئويغىتىدىكەن. ئاق خوراز ھەرقانچە تىرىشسىمۇ بۇرۇن تۇرالماي چار خورازنىڭ كەينىدىن چىللايدىكەن. ئۇ چار خورازدىن بۇرۇن چىللاش ئۈچۈن ھەرخىل ئامالالارنى قىلىپ بېقىپتۇ، بولماپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي تۈن كېچىدە چىللايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشى بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن توختىكامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئاق خورازنى شۇملۇقنى تىلەۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ. ئاق خورازنىڭ خۇي - پەيلى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ.



# تۈلكىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى

تۈلكە ھايۋانلار دۇنياسىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئۆزىنى قۇۋ، ھىيلىگەر دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ:«مەن شۇنداق خۇشخۇي، مۇلايىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان تۇرسام، نېمە ئۈچۈن باشقىلار مېنى خاتا چۈشىنىدىغاندۇ، مەن ئەمدى ئۇلارغا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرمىسەم قەتئىي بولمايدۇ...». ئۇ ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ئۇۋىسىدىن چىقىپتۇ ـ دە، ئالدىغا ئۇچرىغانلارغا ۋەز ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئەڭ خاتا چۈشىنىپ كېلىۋاتىدۇ دەپ قارىغان مېكىيانغا:

—راست گەپنى قىلسام، مېكىيان خېنىم، سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ كېلىۋاتىسىز، مەن سىلەرگە ھېچقاچان يامانلىق قىلغان ئەمەس. مەن سىلەردەك ياۋاش ـ ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولسام بولىمەنكى، ھەرگىز ئەسكىلىك قىلمايمەن. شۇڭا سىز باشقىلارنىڭ مېنى قۇۋ، ھىيلىگەر، دېگەن سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭ. مەن سىزگە ئۆمۈر بويى ياخشىلىق قىلىمەن، —دەپتۇ.

مېكىيان بۈگۈن تۈلكىنىڭ باشقىچە مۇلايىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆ-
رۈپ ھەيران قاپتۇ:

— سىز ماڭا قانداق ياخشىلىق قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ.

سىزنىڭ ھەرقېتىم ئۇن بەش، يىگىرمە چۈجىڭىز بىراقلا تۇخۇمدىن چىقىدۇ. ئۇلارنى باقالماي ئاۋارە بولۇپ قالىسىز. شۇڭا مەن چۈجىلىرىڭىزنى ئەكېتىپ بېقىپ چوڭ قىلىپ بېرىمەن.

تۈلكىنىڭ بۇرۇن بىرقانچە قېتىم چۈجىلىرىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان مېكىيان غەزەپ بىلەن رۇكۇلداپ كېتىپتۇ:

— سەن مېنىڭ نۇرغۇن چۈجىلىرىمنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ. تېخى يەنە مېنىڭ چۈجىلىرىمنى بېقىشىپ بەرمەكچىمۇ؟ شۇ چاغدا سەن بېقىشىپ بېرىمەن دەپ ئەكەتكەن يۈرەك پارىلىرىم ھازىر قەيەردە؟ — دەپتۇ.

— ئۇلارنى مەن كۆرمىدىم. بۆرە مېنى زار - زار قاقشىتىپ يەپ كەت-
كەن. شۇڭا مەن بۆرە دېگەن ئەبلەخنى كۆرىدىغان بولسام ...

دەل شۇ چاغدا بىر بۆرە كېلىپ قېلىپ غەزەپ بىلەن:

— ھۇ مۇغەمبەر تۈلكە، سەن كىمنى ئەبلەخ دەپ تىللاۋاتىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۆرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن تۈلكە يىغى ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ:

— ھە، بۆرە ئالىيلىرى، مەن ماۋۇ مېكىيان دېگەن ئەبلەخكە چۈجىلى-
رىڭىزنىڭ سېمىزلىرىدىن نەچچىنى بۆرە ئالىيلىرىغا ئاپىرىپ بېرەيلى دېسەم، مېنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتىدۇ. شۇڭا مەنمۇ ئۇنى غەرەز ئۇقمايدىغان

ئەبلەخ دەپ تىللاۋاتاتتىم، ــ دەپتۇ.

بۆرە تۈلكىنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە شامدەك ئېرىپ، ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ:

ــ دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە سەن ھەقىقەتەن كۆڭلۈمنى چۈشىنىسەن جۇمۇ، قارا، مەن يوق يەردىمۇ مېنىڭ غېمىمنى يەپ يۈرگىنىڭنى، يارايسەن!

شۇ چاغدا مېكىيان قېچىپ كاتىكىگە كىرىۋاپتۇ. تۈلكىمۇ بۆرىنىڭ قولىدىن ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ ۋە مۇنداق ناخشا ئېيتىپتۇ:

تۈلكە دېگەن ئوبدان بالىمەن،
ياۋاشلارغا پىچاق سالىمەن.
يامانلارنى كۆرسەم يېلىنىپ،
ئۇلاردىنمۇ تارتۇق ئالىمەن.

# ئۆرۈشقاق خورازلار





مۇبارىسنىڭ ئىككى خورىزى بار ئىكەن. بۇ خورازلار بەك سوقۇشقاق بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپلا يۈرىدىكەن. ئۇلار سوقۇشقاندا، بىر - بىرىدىن پەقەت يېڭىلىپ قالمايدىكەن. سوقۇشۇپ بولۇپ يەنە بىللە ئوينايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار ئورمانلىقتا ئويناۋاتسا، بىر سار كېلىپ ئۇلارغا خىرىس قىپتۇ. بىراق، ئۇلارغا بىراقلا ھۇجۇم قىلسا زىيان تارتىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ باشقىچىرەك ھۈنەر ئىشلەتمەكچى بوپتۇ - دە، ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خورازچاقلار، بۇ يەرگە ئويىنغىلى كەپسىلەر - دە، بۇ مەھەللىدىكى ھەممە خورازدىن قورقمايدىغان بىر نوچى خوراز بار، دەپ ئاڭلاپ شۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. سىلەر ئۇنى تونۇمسىلەر؟

نوچىلىقتا بىر - بىرىگە بوي بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ ئىككى خوراز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەرھاللا: «بۇ مەھەللىنىڭ نوچىسى مەن» دېيىشىپ خېلى ئۇزاق تالىشىپتۇ.

— ھەي، سىلەر بۇنداق تالاشقۇچە مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزۈڭلارنىڭ نوچىلىقىنى بىر كۆرسىتىپ باقمامسىلەر؟ — دەپتۇ سار.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى خوراز بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر - ئىككى سائەت ئېلىشىپ، ئۇستىۋاشلىرى قانغا بويىلىپ، كۆزلىرى قۇيۇلۇپ كەتكىلى تاس قالغان بولسىمۇ، بىر - بىرىگە زادىلا يول قويماپتۇ. ئۇلار بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ، پالاقشىپ قالغاندا، سار ئۇلارغا چاڭگال سالماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا مۇبارىس كېلىپ قېلىپ خورازلارنى سارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. ئۇ ئىككى خورازنىڭ باش - كۆزلىرىدىكى قاننى يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن:

— سىلەر ئۆزۈڭلار بىلەن ئۆزۈڭلار ئېلىشقۇچە، بىرلىشىپ سار بىلەن ئېلىشساڭلار بولمامدۇ، — دەپتۇ.

ئىككى خوراز شۇ چاغدىلا سارنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ سوزۇپ چىللىۋېتىپتۇ.

# شاھ بولغان كالا



شادلىنىپتۇ ھايۋانلارغا
شاھ بولۇپ كالا.
دەپتۇ كالا: «مېنىڭ بولدى
ئوتلاق ۋە دالا.
يوقتۇر ئەمدى بۇ جاھاندا
مەندەك دانىشمەن.
يولۋاس، شىرمۇ ماڭا تەزىم
قىلىدۇ جەزمەن.
ئۇ يولۋاسنى چاقىرتىپتۇ،
ئالدىغا دەرھال.
سىلكىشلەپتۇ جاۋاب بەرمەي،
سورىسا ئەھۋال.
«بىلىپ قويغىن بۇندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەن ماڭا ۋەزىر.
ئانچە - مۇنچە يۆلەك بولسۇن،
ساڭا يىلپىز، شىر.
مەندىن سوراپ قىلسىلەر
ھەرقانداق ئىشنى.
رۇخستىمسىز ئىشلەتمەڭلار
تىرناقنى، چىشنى.
باتۇرلۇقنى ئۆگىنىڭلار
سىلەر مېنىڭدىن،
تەزىم قىلماي ئۆتۈشمىگىن
ئەمدى يېنىمدىن.
ھەيۋەڭلارنى ئەمدى تولا
قىلماڭلار كۆز - كۆز.
يوق سىلەردە مېنىڭكىدەك
ھەيۋەتلىك مۈڭگۈز».
كالا كۆندە يولۋاس، شىرغا
ئىش ئۆگىتىپتۇ.
بەزى چاغدا مۆرەپ تېخى
كۈچ كۆرستىپتۇ.
كۆرەڭلىگەچ كۈندە شۇنداق

بۇ پوچى كالا.
پوچىلىقى ئۆز بېشىغا،
بولۇپتۇ بالا.
شىر ۋە يولۋاس تۇيۇقسىزلا
ئۇنى چا پۇتلاپ،
يەپتۇ ئۇنى ھەرتەرەپتىن
بۇلاپ ۋە تالاپ.
ياراشماپتۇ شاھلىق تاجى
پوچى كالىغا.
گەپ قىلغۇلۇق ھەربىر ئىشتا
بېقىپ ھالىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قارلىغاچ بىلەن دىلزىبا





قارلىغاچ بىلەن دىلزىبا دوست بولۇپ قاپتۇ. دىلزىبانىڭ قارلىغاچ بىلەن كەچكىچە بىللە ئوينىغۇسى بولسىمۇ، قارلىغاچنىڭ ئۆي سالىدىغان، قۇرت، ھاشاراتلارنى تۇتىدىغان ۋەزىپىسى بولغاچقا، دىلزىبا بىلەن ئۇزاق بىللە بولالمايدىكەن.

دىلزىبا قارلىغاچنىڭ لايىنى بىر چىمدىم، بىر چىمدىم ئەكېلىپ ئۆي سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ قارلىغاچقا ئىچ ئاغرىتىپ:

— ھەي، قارلىغاچ، سەن ئۆزۈڭگە ئۆي سېلىش ئۈچۈن جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسەن. مەن ساڭا لايدىن ئۇۋا ياساپ بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ.

ئانا قارلىغاچ دىلزىبانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، بىز ئۆزىمىز ئەجىر قىلىپ سالمىغان ھەرقانداق ئۆيدە تۇرمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۆيىمىزنى ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم سالالمايدۇ.

## ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى (1)

دىلزىبا ئانا قارلىغاچنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي: «ئۇنداق بولسا ماڭا ئۇچۇشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز بوپتىكەن» دەپتۇ شوخلۇق بىلەن.

ئانا قارلىغاچ شوخقىنا ۋىچىرلاپ:

—سىز بۇ يىل مەكتەپكە كىرىسىزغۇ، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇڭ. كىتاب سىزگە ئۇچۇشنى ئۆگىتىدۇ، —دەپتۇ.



# قېرى بۆرە بىلەن ئىت



بۇرۇنقى زاماندا بىر قويچىنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر قېرى بۆرە ياشايدىكەن. ئۇ دائىم يېرىم كېچىدە باستۇرۇپ كېلىپ قوي، پاقلانلارنى يەۋالىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن قويچى قويلارنى بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن، بىر ئىت بېقىۋاپتۇ. بۇ ئىت ئىگىسىگە ناھايىتى ۋاپادار بولۇپ، كېچە-كۈندۈز قويلارنى قوغداپ پىداكارلىق كۆرسىتىدىكەن. قويچى ئىتنى باققاندىن كېيىن، بۆرىنىڭ خالىغاندا قوي، پاقلان يەيدىغان كۈنلىرى كەلمەسكە كېتىپتۇ. بۆرىنىڭ گۆش يېگۈسى كېلىپ، بىرنەچچە قېتىم قويلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئىتقا تەڭ كېلەلمەي ئاغزى-بۇرنى قانغا بويىلىپ، قۇيرۇقىنى خادا قىپتۇ. قېرى بۆرە ئىتتىن قورقۇپ بىرنەچچە ئايغىچە قوتان تەرەپكە يېقىن كېلەلمەپتۇ. بىراق ئۇنىڭ نەپسى تاقىلداپ، ئىتقا باشقىچە تەدبىر قوللانماقچى بوپتۇ. مۇۋاپىقراق ئامال تاپالماي، نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىيالماپتۇ. قېرى بۆرە ئويلىنا-ئويلىنا ئاخىر ئىتقا يۇمشاق ۋاستە ئىشلەتمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن يىغا-زار قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، قېرىندىشىم، ئەسلى ئىككىمىز ئۇرۇق-تۇغقان ئىكەنمىز. ئانىمىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى بىلەن دادىمىزنىڭ دادىسىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسى بىركەن ئەمەسمۇ؟ ئەجەب بىلىشمەپتۇق. بولدى، ئەمدى مەنمۇ بۆرىلىكنى تاشلاي، سەن نېمە قىل دېسەڭ شۇنى قىلاي. سەن بەك چارچاپ كەتسەڭ بولمايدۇ، مەن ساڭا قوتاندىكى قويلارنى بېقىشىپ بېرەي.

ئىت بۆرىنىڭ سۆزلىرىگە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، قويلارنى بۆرىگە يالغۇز تاشلاپ بەرمەپتۇ. بۆرە ئىتنى ئارام ئېلىشقا ھەرقانچە زورلىغان بولسىمۇ، ئىت پەقەتلا ئۇنىماپتۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ھۇنىرىنىڭمۇ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى بىلگەن بۆرە ئىتقا يەنە يېقىنچىلىق قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئىككىمىز قان-قېرىنداش بولغاندىكىن بۇ قويلارنى بىللە يەيلىچۇ؟ سەن ئىگەڭگە ھەرقانچە ۋاپادار بولساڭمۇ گۆشنى ئۆزى يەپ ساڭا سۆڭەكنى بېرىدۇ. مەن سەن بىلەن تەڭمۇتەڭ بۆلۈشۈپ يەي.

ئىت بۆرىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن، بۆرىنى قوغلىۋېتىپتۇ. بۆرە ئىتنىڭ دەككىسىنى يەپ ھۇۋلىغىنىچە قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۆرە ئىتنى تىللاپ پات-پات ھۇۋلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.



# پىل بىلەن چاشقان

پىل بىلەن چاشقان تاكاللىشىپ قاپتۇ. پىل چاشقاننى كۆزگە ئىلماي خارتۇمىدىن سۇ پۈركۈپ، چىرقىراق ئاۋازى بىلەن غوتۇلداپتۇ:

— ھەي چاشقان، سەن ھالىڭغا باقماي مەن بىلەن بەسلەشمەكچىمۇ؟ مەن سەن قىلغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن. بىراق، سەن مېنىڭ قىلغان ئىشىمنىڭ بىرىنىمۇ قىلالمايسەن.

چاشقان پىلنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىپ قىلغان گەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سالماقلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— بەلكىم مەن سەن قىلغان بەزى ئىشلارنى قىلالماسلىقىم مۇمكىن، بۇنى ھەرئىككىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن.

— ھەرئىككىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى؟ — پىل چاشقاننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپتۇ، — مېنىڭغۇ ئالاھىدىلىكىم كۆپ، سېنىڭ نېمە ئالاھىدىلىكىڭ بار؟ سەن قىلغان ئىشنىڭ قايسىسىنى مەن قىلالمايدىكەنمەن؟

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ چاشقان ھەييارلىق بىلەن يۈگۈرۈپ پىلنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ، — سەن مېنىڭ بېشىمغا چىقالامسەن؟



بۇ ئىشتىن ئاچچىقى كەلگەن پىل ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— بېشىمدىن چۈشە، سېنىڭ بېشىڭغا چىقىش مەن ئۈچۈن بىر تال چالمىغا دەسسىگەندەكلا ئىش.

چاشقان يەرگە چۈشۈپتۇ. پىل چاشقاننىڭ بېشىغا دەسسىمەكچى بولۇپ پۇتىنى كۆتۈرۈشىگە چاشقان بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پىل چاشقاننى تاپالماي تازا جىلە بولۇۋاتقاندا، چاشقان تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىراپتۇ:

— بېشىمغىمۇ دەسسىيەلمىدىڭ، نوچى بولساڭ مەن كىرگەن تۆشۈككە كىرىپ باقمامسەن؟!

ئاچچىقى كەلگەن پىل ئوسال بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ كىچىككىنە چاشقانغا ئەخمەق بولغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ ھۆركىرەپ كېتىپتۇ.



# مامكاپ گۈلى بىلەن ئەنجۈر دەرىخى



مامكاپ گۈلى ئۆزىنىڭ ساپسېرىق ئېچىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ جاھانغا پاتماي قاپتۇ. ئۇ ئالدىدا ئېگىلىپ كەمتەرلىك بىلەن تۇرغان ئەنجۈر دەرەخىنى پەقەت كۆزگە ئىلماپتۇ. بىراق، ئەنجۈر دەرىخى مامكاپ گۈلىنى ئىززەتلەپ: «سىز ناھايىتى چىرايلىق، سىز بۇ باغقا بىر كىشىلىك ھۆسن قوشىسىز» دەپ ماختايدىكەن. بىراق، مامكاپ گۈلى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئۆزىنى ماختاۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماي كوتۇلداپتۇ:

— بىر كىشىلىك ھۆسن قوشىسىز دېدىڭما؟ بۇ باغدىكى بارچە گۈزەللىك ماڭا مەنسۇپ. كىشىلەرنىڭ بۇ باغنى «ئەنجۈرلۈك باغ» دېگىنى نېمىسى؟ مېنىڭچە، بۇ باغنى «مامكاپلىق باغ» دېيىش كېرەك. سېنى كىم بىلمەيدۇ، سەن مىڭ يىل ياشىغىنىڭ بىلەنمۇ بىر تال گۈلۈڭنى كۆرسەتمەيسەن. مەندەك ساپسېرىق ئېچىلىپ قالساڭ، پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ دەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

كۆپ ئۆتمەي ئەنجۈر دەرىخىدە شېرىن مېۋىلەر كۆز چاقنىتىپتۇ.

بىراق، مامكاپ گۈلى مەيىن شامالغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي توزۇپ كېتىپتۇ.

ئالدىراپ كۆرسەتمە،
چېچەك، جىلۋەڭنى.
ياخشىسى تەقدىم قىل،
ئەلگە مېۋەڭنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىت ۋە ئادەم



بۇرۇن ھىلاخۇن ئىسىملىك بىر ئادەم بولغانىكەن، ئۇ ئىتقا بەكمۇ ئامراق ئىكەن، ئادەملەردىن يىراق بىر ئۆيدە بىر ئىت بىلەن بىللە ياشايدىكەن. ئۇ دائىم «ئادەملەر ۋاپاسىز، ئىت ۋاپادار» دەپ ئادەملەرنى تىللاپ، ئىتنى ماختايدىكەن.

بىركۈنى ھىلاخۇن ئىتنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى چۆللۈككە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىردەم توشقان، بىردەم جەرەننى قوغلاپ قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان باياۋاندا ئېزىپ قاپتۇ. ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ كەلگەن يولنى تاپالماپتۇ. ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، ئېلىۋالغان ئوزۇق - تۈلۈكلىرىمۇ تۈگەپتۇ. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى قاتتىق قىيناپتۇ. ھە-لاخۇننىڭ ۋاپادار ئىتى ئاچلىققا پەقەتلا چىدىيالماپتۇ. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا غىڭشىپ قويىدىكەن ۋە ھىلاخۇنغا قاراپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھىڭگاڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدىكەن. ئاردىن يەنە بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ھىلاخۇن ماغدۇرسىزلىنىپ قۇم ئۈستىدە يېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزى قۇرۇپ، كۆز-

لىرىنىڭ نۇرى قىچىپتۇ. ئاچلىقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئىتقا ھىلاخۇن بىر پارچە گۆش بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ ـ دە، ھىلاخۇنغا ئېتىلىپتۇ. ھىلاخۇن ئىتنىڭ ئۆزىنى يەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، غەيرەتكە كېلىپ ئېلىشىپتۇ. بىراق، ماغدۇرىدىن كەتكەچكە ئىتقا تەڭ كېلەلمەپتۇ. ھالسىزلىنىپ تۇرغاندا «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىت يەرگە يىقىلىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يەرگە بىر ئوۋچى بوۋاي ـ كېلىپ قالغانىكەن. ھىلاخۇن ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان بوۋايىنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋېتىپتۇ.

ئادەملەر ھەممىدىن ئەزىز، مېھرىبان،
ئادەمگە ھېچقاچان يېتەلمەس ھايۋان.



www.uyghurkitap.com





# ئالما دەرىخى بىلەن ئاق تېرەك



ئالمىلىق باغنىڭ بىر تەرىپىدە ھەيۋەتلىك تۇرغان ئېگىز ئاق تېرەك ئالما دەرىخىنى كۆزگە ئىلماي:

— مەن بەستلىك بولغاچقا، ھەممە ئادەم مېنى ئەتىۋارلايدۇ. قارا، قۇشلارنىڭ مېنىڭ شاخلىرىمدا ۋىچىرلاپ تۇرغىنىنى. سېنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەنە، ئۇششاق بالىلارمۇ ساڭا تاش، چالما ئېتىپ مېۋەڭنى تۆكۈپ، شاخلىرىڭنى سۇندۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئالما دەرىخى تېرەكنىڭ ئورۇنسىز بىلجىرلاشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئۈن - تىنسىز تۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بىرنەچچە ئادەم ھەرىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاق تېرەكنى ھەرىدەشكە باشلاپتۇ. ئاق تېرەك قانچە نالە قىلغان بولسىمۇ، ئادەملەر ئۇنىڭ نالىسىغا قۇلاق سالماپتۇ.

شۇ چاغدا ئالما دەرىخى ھەسرەتلەنگەن ھالدا پىچىرلاپتۇ:

— ھەي، ئاق تېرەك، ئەگەر سېنىڭ مېۋەڭ بولغان بولسا، ئادەملەر ساڭا چېقىلماي مېۋەڭدىن پايدىلىناتتى.



# تۆگە بىلەن مايمۇن



بۇرۇنقى زاماندا تۆگە بىلەن مايمۇن بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن چوڭ بىر ئورمانلىقتىن ئۆتۈپتۇ. ئورمانلىقنى كۆرۈپ مايمۇن بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرەخلەرگە يامىشىپ، تۈرلۈك قىلىقلارنى چىقىرىپ خۇشال ناخشا ئېيتىپتۇ. لېكىن، تۆگىگە ئورمانلىقتىكى چاتقاللىقتا مېڭىش ناھايىتى تەس كەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ چىشىنى چىشلەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئورمانلىقتا بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان چۆللۈككە چىقىپ قاپتۇ. ئەمدى مايمۇننىڭ ئورمانلىقتىكى كۈلكىسى تۈگەپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قاپتۇ. «بۇنداق يەردە قانداق ماڭغىلى بولىدۇ» دەپ زارلاپتۇ ئۇ. تۆگە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن:

— مايمۇنجان، قاقشىماي ئۈستۈمگە مىنىۋالغىن، — دېگەنىكەن، مايمۇن خۇشال بولۇپ لىككىدە سەكرەپ تۆگىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. مايمۇن ئۈچۈن تۆگىنىڭ ئۈستى ناھايىتى راھەت بىلىنىپتۇ.

ھايات دېگەن ئۇزۇن بىر سەپەر،
مەدەت بەرگىن سەپەرداشىڭغا.
باشقىلارغا قىلساڭ ياخشىلىق،
ئامەت ياغار ھەربىر ئىشىڭغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# پاقا بىلەن قۇتلۇق



قۇتلۇقنىڭ ئۆيى چەكسىز كەتكەن بىر سازلىقتا يېقىن يەردە ئىكەن. بىر كۈنى قۇتلۇق مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تاپشۇرۇق ئىشلەمەكچى بوپتۇ. بەراق، پاقىنىڭ توختىماي كوركىرىشى ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. بۇرۇن پاقىنىڭ كوركىرىشىغا ئانچە قۇلاق سالمايدىغان قۇتلۇقنىڭ بۈگۈن دىققىتى چېچىلىپ كېتىپتۇ. «ئاشۇ پاقىنى تېپىۋالىدىغان بولسام...» ئۇ شۇنداق غودۇڭشىغىنىچە پاقىنىڭ سىياقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ ـ يۇ، قورقۇپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ پاقا بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش نىيىتىگە كەپتۇ. قۇتلۇق سازلىقتىن بىر پاقىنى تېپىپتۇ ۋە ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىپتۇ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم پاقىجان، سەن نېمانچە توختىماي كوركىراۋېرىسەن؟

— مەن كوركىرىمىدىم، ناخشا ئېيتىۋاتىمەن.

— ناخشا ئېيتىۋاتىمەن، سېنىڭ كوركىرىشىڭنى قانداقمۇ ناخشا ئېيتتى دېگىلى بولسۇن؟ بوپتۇ، سېنى ناخشا ئېيتتىمۇ دەيلى، ناخشا دېگەنمۇ شۇنداق ئۇزۇن بولامدۇ؟

—ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن مۇشۇ سازلىقتىكى داڭلىق ناخشىچى، بەراق، مېنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلمايۋاتىدۇ. ئەگەر بىرەرسى مېنىڭ ناخشىچى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلسا مەنمۇ بىر مەزگىل ئارام ئالغان بولاتتىم.

—مەن سېنىڭ ناخشىچى ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلدىم، مېنىڭ دوستلىرىممۇ سېنى ماھىر ناخشىچى دەپ ماختايدۇ.

قۇتلۇقنىڭ پاقىنى كوركىراشتىن توختىتىش ئۈچۈن مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى ئۇنى بەك خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. پاقا دەرھال كوركىراشتىن توختاپتۇ. بۇ دەل ئالتىنچى ئاي مەزگىلى ئىكەن. پاقا شۇنىڭدىن كېيىن پەقەت شۇ ئايدىلا كوركىراپ، باشقا چاغلاردا كوركىرىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.





# چاشقاننىڭ ھىيلىسى



بىر كۈنى چاشقان مۈشۈككە تۇتۇلۇپ قاپتۇ، ئۇ مۈشۈكنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ناھايىتى تېزلىك بىلەن ھىيلە ئويلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي مۈشۈك ئاكا، سىز مېنى تۇتۇۋالدىڭىز. ئەمدى قاچان يېسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. سىزگە بىر گەپنى دەپ قوياي، سىز مېنى يېسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنى يېگەن بولىسىز، ئەسلىدە مەن...

— نېمە دەپ يۈرىسەن؟ سەن مەينەت چاشقان قانداقلارچە مېنىڭ تۇغقىنىم بولىسەن؟ھازىر قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، سېنى ۋاقتىدا يەۋەتمىسەم بولمايدۇ.

— توختاپ تۇرۇڭ، مەن گېپىمنى دەۋالاي، ئاندىن كېيىن يېسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز. ئەسلىدە مەنمۇ سىزگە ئوخشاش مۈشۈك ئىدىم. بىر كۈنى قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ بىر چاشقاننى تۇتۇۋالدىم. چاشقان ماڭا يېلىنىپ:«مەن ئەسلى مۈشۈك ئىدىم. مۇشۇ يەردە بىر چاشقاننى يەپ قويۇپ چاشقانغا ئايلىنىپ قالدىم» دېسە، گېپىگە ئىشەنمەي ئۇنى

يەۋېتىپ، مانا مۇشۇنداق چاشقانغا ئايلىنىپ قالدىم. ئەگەر مېنى يەۋەتسىڭىز سىزمۇ مېنىڭ كۆنۈمگە قالىسىز.

چاشقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۈشۈك بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەت- كەندىن كېيىن چاشقاننى قويۇپ بېرىپتۇ.



www.uyghurkitap.com



# بۆرە بىلەن ئوغلاق



كەڭ يايلاقتا ئويناۋاتسا،
بىر كۈنى ئوغلاق.
دوستلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ،
بولۇپ بەك خۇشۋاق.
يېتىپ كەپتۇ يىرتقۇچ بۆرە
يىراقتىن ھۇۋلاپ.
ھەممە پىتراپ قېچىپتۇ،
چۇرقىراپ، يىغلاپ.
دوستلىرىنى قاچۇرۇپتۇ
ھەريانغا ئوغلاق.
ئۇ بۆرىنىڭ سىرتمىقىغا
چۈشۈپتۇ بىراق.

بۆره دەپتۇ:«هەي ئوغلاقجان،
بىرەي بىر پۇرسەت.
نەگە مۆكتى دوست، ئادشلك،
ماڭا بىر كۆرسەت؟
دوستلىرىڭنى ئەگەر ماڭا
كۆرستىپ قويساڭ،
چىقلمايمەن ساڭا مەنمۇ،
قالسەن ئامان.
دەپ بەرمسەڭ دوستلىرىڭنىڭ
مۆككەن يېرىنى،
قورسقىڭنى يېرىپ دەرھال،
يەيمەن مەن سېنى».
دوستلىرىمنى دەپ بەرمەيمەن
يېسەڭ يە مېنى،
دوستلار ئۈچۈن ئۆلسەم مەيلى
ئۆلتۈرگىن قېنى.
دەل شۇ چاغدا يېتىپ كەپتۇ
بىر توپ قوي، ئۆچكە.
ھەرتەرەپتىن بۆرىگە دەل،
بىرىپتۇ دەككە.

## ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى (1)

ئىناقلىقنىڭ قۇدرىتىدىن
كۈلۈپتۇ ئوغلاق.
دوستلار بىلەن ئىناق بولۇپ،
يايراپتۇ ھەرۋاق.



# ئۇيغۇر باللار مەسەللىرى (1 - 5)

## ئەختەتجان قۇربان سابىرنىڭ باللار ئۈچۈن نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرى

1. كالتە قۇيرۇق چاشقان
2. باللار يۇمۇرلىرى
3. باللار چاقچاقلىرى
4. تونۇر بېشىدىكى چۆچەكلەر (3 قىسىم)
5. ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە رەسىملىك باللار تېپىشماقلىرى (5 قىسىم)
6. ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە قىزىقارلىق سوئال - جاۋابلار (10 قىسىم)
7. ئۇيغۇر باللار تېپىشماقلىرى (6 قىسىم)
8. ئۇيغۇر باللار چۆچەكلىرى (5 قىسىم)
9. ئۇيغۇر باللار قوشاقلىرى (5 قىسىم)
10. ئۇيغۇر باللار مەسەللىرى (5 قىسىم)

ISBN 7-5631-2070-X

9 787563 120703 >

ISBN 7 – 5631 – 2070 – X
总定价 (1–5 册) : 40.00 元